ياچېيكا تۇرمۇشى (ئايلىق ژۇرنال) 1991 - يىل 2 - سان

ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات،
تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشچىلىقىدا
نەشر قىلىندى.
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا
نەشر قىلىندۇ.
ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.




| | |
|---|---|
| مۇھىم ھۆججەت، مۇھىم ئىشلار | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى ······ 4 |
| | مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى يولداش قۇشيەنجۇڭدىن ئۆگىنەيلى ······ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى 9 |
| | يولداش فۇ شەنجۇڭدىن ئۆگىنىپ ھەقىقىي كومپارتىيە ئەزالىرىدىن بولايلى ······ سۈڭ يىلى 10 |
| ياچېيكا خىزمىتى | يېڭى - كەنتلەردە ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى ······ ن. مەخمۇت 15 |
| تەشۋىقاتچى | دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەشۋىقات ماتېرىيالى ······ 17 |
| پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى | كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا بىزەكى قاراشلىرىدىم ······ غ. نىياز 34 |
| گۈل ۋە تىكەن | ۋاقتىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئادەم (ئوت پارچە) ······ 40 |
| مۇھاكىمە مۇنبىرى | كومپارتىيە ئەزالىرى سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم ······ م. ھەسەن 62 |

«ياچېيكا تۆرمۈشى» رېداكسىيىسى
نەشر قىلدى

ئومۇمىي 324 ـ سان


- شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى؛
- مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN 65—1003/Z
- مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛
- ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ؛
- ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 ـ قورو؛
- تېلېفون: باش ئاپپارات 217524، 217532 تارقىلىش 698، 829؛
- ۋەكالەت نومۇرى: 42 — 58؛ باھاسى 0.50 يۈەن؛ پوچتا نومۇرى: 830003



| | |
|---|---|
| ئاۋانگارتلار كۆزىكى | ئۇ مۇقىملىق ئۈچۈن تۆھپە قوشتى ·············· لى شىڭكې 37<br>ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى ئەلگە قوشقان تۆھپىسىدىن كەلگەن ·········· ئۇ. مەتنىياز 42<br>خەلقنى قەلبىگە پۈككەن ئىلغار كارخانىچى ·············· ئە. ئىمىن 45 |
| تەرمىلەر | ئۈچ ئۆزنەكنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى (ئون پارچە) ·············· 50 |
| رەھبەرلىك ئىلمى | مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مۇلازىمەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكى رەھبەرلىك پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى ·············· لى. ئامۇت 54 |
| قابىل يېتەكچى | ئۇ خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز قالدۇردى ·············· لې. ئېلى 56 |
| خەت ساندۇقى | مەن سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسام بولامدۇ (تۆت پارچە) ·············· 60 |
| پارتىيە قۇرۇلۇ ـ شىدىن ئۇچۇر | پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك ·············· 47 |


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە:

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى مىنىسترلار سوۋېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، رەئىس تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يەتتە كىشى ئۆتكەن يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتتە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى. سۈرەتتە: ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارەت پائالىيەتلىرىدىن بىر نەچچە كۆرۈنۈش.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(1990 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ماقۇللانغان)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنى 1990 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىم يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىدىن 171 كىشى، مەركىزىي كومىتېت كاندىداتى ئەزالىرىدىن 107 كىشى قاتناشتى. مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن 161 كىشى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن 67 كىشى، ئالاقىدار ساھەلەردىكى مەسئۇل يولداشلاردىن 78 كىشى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ھەم 8 - بەش يىللىق پىلاننى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى، قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. «تەكلىپ»تە ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ئون يىلدىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ تولۇق تېكىستى جەمئىي يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن: 1. ئاساسىي كۆرەش نىشانى ۋە ئاساسىي يېتەكچى فاڭجېن؛ 2. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كەسىپلەر بويىچە مۇھىم نۇقتىسى ۋە رايونلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ 3. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر ۋەزىپە ۋە سىياسەتلەر؛ 4. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ 5. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يۆنىلىشى، ۋەزىپىسى ۋە تەدبىرلىرى؛ 6. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش؛ 7. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئون يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى.

ئومۇمىي يىغىن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سالدۇق، يېزىلاردىن شەھەرلەرگىچە، دېڭىز بويىدىكى رايونلاردىن ئىچكى رايونلارغىچە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تاشتى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانى ئەمەلگە ئاشتى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى، شەھەر - يېزا خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىسلاھات داۋامىدا پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى. ئىناق - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئېلىمىزنىڭ 90 - يىللاردىكى تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ئىشەنچىمىز ۋە كۈچىمىزنى ئاشۇردى.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 1991 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان مەزگىل ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق مەزگىل. بۇنى

نۇۋەتتىكى ئىچكى ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت بەلگىلىگەن. 80 - يىللاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى 90 - يىللاردا مۇستەھكەملەش - مۇستەھكەملىيەلمەسلىكىمىز، راۋاجلاندۇرۇش - راۋاجلاندۇرالماسلىقىمىز، ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش - سۈرەلمەسلىكىمىز ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، بىز تارىخىي پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇسابىقىگە ئاۋاز قوشۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭدىكى ئاساسىي تەلەپلەر مۇنداق: بىرىنچى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاش ئاساسىدا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى تۇراقلىق باھا بويىچە ھېسابلىغاندا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە 1980 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولغان ئەھۋالدىن ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تېخىمۇ مول قىلىش، تۇرار جاي شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش، مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىش، سالامەتلىك سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش؛ ئۈچىنچى، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىپ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ بېشىدا ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا ماددىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ئاساس سېلىش؛ تۆتىنچى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماس كېلىدىغان، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش؛ بەشىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ۋە 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش؛ ئاساسىي سانائەت ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى كۈچەيتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى قايتا تەشكىللەش ۋە ئۆزگەرتىش، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. «بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇۋاپىق ئىش تەقسىملەش، ئۈستۈنلۈك جەھەتتە بىر - بىرىنى تولۇقلاش، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئېلىمىز رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاش لازىم. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئون يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلاننى تۈزۈش ھەم يولغا قويۇشتا، توغرا يېتەكچى قائىدىگە ئەمەل قىلىش كېرەك، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىم بولغانلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

— جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي، تەۋرەنمەي مېڭىش. بۇ، ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن تارتىپ، 12 - قۇرۇلتاي ۋە 13 - قۇرۇلتاي ئارقىلىق، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ۋە نۆۋەتتىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەش ئاساسىدا، دۆلىتىمىز

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز، دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى چىقاردى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ھەم تولۇملۇق بولغان بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان، خەلقنى بېيىتىدىغان يول ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 90 ـ يىللاردا مۇشۇ يولدا قەتئىي، تەۋرەنمەي ماڭىدىغان ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىشكە ھەم يەكۈنلەشكە ماھىر بولىدىغانلا بولساق، چوقۇم ھەر خىل بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ نامايان قىلالايمىز.

— ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈش. بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. 80 ـ يىللاردىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش لازىم. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئېلىمىز يېزىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى سەۋىيىسىگە ماس كېلىدۇ، ئۇنى بىر خىل ئاساسىي تۈزۈم سۈپىتىدە ئۇزاققىچە مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. مۇشۇ ئاساستا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ياخشىلاش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى پەيدىنپەي زورايتىش لازىم. كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى داۋاملىق ئاشۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئېلان قىلىنغان قانۇن، قائىدە ـ نىزام ۋە سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىش نىشانىنى چۆرىدەپ، كارخانا، ئوبوروت، باھا، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىسى، پىلان، مەبلەغ ۋە ئەمگەك ـ ئىش ھەققى قاتارلىق ساھەلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ماسلاشتۇرۇپ، يۈرۈشلەشتۈرۈپ ياخشى ئېلىپ بېرىش ۋە چوڭ جەھەتتىكى تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. مەركەز بىلەن جايلار، دۆلەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مەركەزنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنى، كارخانىلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلارنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش، ھازىر بار بولغان ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرى، ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر ۋە ئېچىۋېتىلگەن جايلارنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىزچىل جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش لازىم.

— خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىش. بۇ فاڭجېن — دۆلىتىمىزنىڭ 41 يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلىرىنىڭ چوڭقۇر يەكۈنى، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ توغرا ئىنكاسى، پۈتۈن پارتىيىدىكى

يولداشلار ئۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئېلىمىزدە نوپۇس كۆپ، ئېھتىياج چوڭ، ھەر خىل ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا، مۇئەييەن ئىقتىسادنىڭ مۇئەييەن ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاش لازىم. ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەلەپ بىلەن ئومۇمىي تەمىنلەشنىڭ ئاساسىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، خەلق ئىگىلىكىدىكى زور نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق بەلگىلەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدىراقسانلىق خاھىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا زور داۋالغۇشنىڭ يەنە يۈز بېرىشىدىن تىرىشىپ ساقلىنىش لازىم. پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىنى تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ بەك تېز كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش لازىم.

— ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ۋەتەننى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىش. دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەت، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا مەۋقەنى ئۆز كۈچىمىز ئاساسىغا قويۇشىمىز لازىم. چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىشنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. جۇڭگودا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىش ئۈچۈن، بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ۋەتەننى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ھەر قايسى ساھەلەردە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر دەرىجىدىكى بۇزۇپ - چېچىش، ئىسراپچىلىق ھادىسىلىرىنى تىرىشىپ تۈگىتىش، بارلىق ئىشلارنى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش لازىم.

— ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىش. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى مۇشەققەتلىك ئىسلاھات، قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى ئالدىدا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق سۈپىتى ۋە پەن - مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ۋە كۈرىشىنى قەتئىي، بوشاشماي ئېلىپ بېرىش؛ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزم ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش؛ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش لازىم. مەركەزمۇ، جايلارمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا سېلىنىدىغان زۆرۈر مەبلەغنى كۆپەيتىشى لازىم.

ئومۇمىي بىغىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 90 - يىللاردا «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنى ۋەتەنىمىزنىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىمىز، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ ئالاقىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا پائال ئاتلىنىشى لازىم.

بىز مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى بۇرۇنقىدەكلا يۈرگۈزۈپ، زوراۋانلىق ۋە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، دۇنيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ئالاقە ۋە سەمىمىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، خەلقئارا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئون يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلاننى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى — پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا. زور كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزمنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، پارتىيىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، «ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش»تىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلىشى، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ئون يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلاننى تۈزۈش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە ئاچقۇچلۇق مەسىلە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئىشلارنى ياخشى قىلىش. 1991 - يىلى 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ تۇنجى يىلى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر يىل، بىز زېھنىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، گەۋدىلىك زىددىيەتلەرنى ۋە ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. پۈتكۈل ئىقتىسادىي خىزمەتنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش يولىغا سېلىشىمىز، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۈپىتى، مەھسۇلات تۈرى ۋە ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشىمىز، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتتىكى ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشى لازىم.

ئومۇمىي يىغىنغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى. يولداش لى پېڭ «تەكلىپ» لايىھىسى توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن تولۇق تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا ئېچىلدى. «تەكلىپ» لايىھىسىنى ئىشلەش جەريانىدا پارتىيە ئىچىدىكى يولداشلاردىن ۋە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىنىپ، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى مەركەزلەشتۈرۈلدى. ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن مۇشۇنىڭغا ئاساسەن

(ئاخىرى 32 - بەتتە)

# مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى يولداش فۇ شىيەنجۈڭدىن ئۈگىنەيلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

يېقىندا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت كوممۇنىستلىرىنى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى يولداش فۇ شىيەنجۈڭدىن ئۈگىنىشكە چاقىردى.

يولداش فۇشىيەنجۈڭ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تاڭشەن شەھىرى يۈيتيەن ناھىيە يۈيتيەن بازىرى سەنلىتۈن كەنتىدىن بولۇپ، 1945 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1946 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 73 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا كەنتتە ئامبارچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، مەجرۇھ پۇتىنى سۆرەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىنتايىن زور قىزغىنلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىگەن. 50 - يىللاردا قەغەز كاناي، 60 - يىللاردا قەلەي كاناي، 70 - يىللاردا مىكرافون تۇتۇپ ئاخىرقى تىنىقى توختىغانغا قەدەر، يۇرتداشلىرىغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەقدىرلىگەن، يامان خاھىشلارنى تەنقىد قىلغان، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئىنكاس قىلغان. ئۇنىڭ ھاياتى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك زور ئىشلار بىلەن ئۆتكەن ھايات بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار كوممۇنىزملىق روھ گەۋدىلىنىپ، بىزگە يېڭى دەۋردىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. پۈتۈن پارتىيە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشقا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يولداش فۇ شىيەنجۈڭدىن ئۈگىنىشنى تەشەببۇس قىلىش ئىنتايىن چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش فۇ شىيەنجۈڭنىڭ تەسىرلىك ئىلغار ئىشلىرى پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى جانلىق ماتېرىيال. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىگە قەتئىي ئىشىنىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە تەشەببۇسىنى بىر ئۆمۈر تەشۋىق قىلغان؛ پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ناتوغرا خاھىشلارغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان؛ ئۇ كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈپ، شەخسىيەتسىز بولۇپ، جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن؛ مەيدانى قەتئىي بولۇپ، ھالقىلىق پەيتلەردە پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قەتئىي قوغدىغان. يولداش فۇ شىيەنجۈڭنىڭ ھاياتى پارتىيە نىزامنامىسىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلغان ھايات. بىز ئۇنىڭدىن ئۈگەنگەندە، ئۇنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش روھىدىن ئۈگىنىشىمىز لازىم. 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ ئەگرى - توقاي، مۈشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب سانسىزلىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا ئاۋانگارتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىدىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، مۈشەققەتلىك، مۇرەككەپ ۋەزىيەتلەر ئالدىمىزغا قويۇلدى. ۋەزىيەت بىز ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرىدىن، يولداش فۇ شىيەنجۈڭغا ئوخشاش، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تارىخى بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، روھىنى ئۇرغىتىپ، ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى بارلىق قىيىنچىلىق، توسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا

(ئاخىرى 14 - بەتتە)

# يولداش فۇ شيە نجۇڭدىن ئۆگىنىپ، ھەقىقىي كوم- پارتىيە ئەزالىرىدىن بولايلى

— يولداش فۇ شيە نجۇڭدىن ئۆگىنىش بويىچە ئېچىلغان سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

سۇڭ پىڭ

(1990 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى)

مەن يولداش فۇ شيە نجۇڭنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى دەسلەپتە رادىئودىن ئاڭلىدىم. بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قاتتىق تەسىرلەندىم، چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇم. يولداش فۇ شيە نجۇڭ بىر ئاددىي كومپارتىيە ئەزاسى، ئۇ ھېچقانداق رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىمىگەن، ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانداق ھوقۇقمۇ يوق، لېكىن ئۇ دەل مۇشۇنداق ئاددىي خىزمەت ئورنىدا بىر كومپارتىيە ئەزالىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۇلۇغۋار كوممۇنىستىك روھنى نامايان قىلىپ، ئامما ئارىسىدا ھەقىقىي بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىگە ئېرىشتى.

يولداش فۇ شيە نجۇڭ 1945 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1946 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، 40 يىللىق پارتىيە ستاژىغا ئىگە پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى. ئۇ نەچچە ئون يىلنى خۇددى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، مېيىپ تۇرۇپمۇ پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن قىزغىن تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى ئايىمىغان. ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. خېبېي ئۆلكىلىك پارتكوم، تاڭشەن شەھەرلىك پارتكوم ۋە يۈتيەن ناھىيىلىك پارتكوم ئايرىم - ئايرىم ھالدا يولداش فۇ شيە نجۇڭدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تازا ئوبدان يەكۈنلىگەن. مېنىڭچە، ھازىر پۈتۈن پارتىيە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتقان ۋەزىيەتتە، يولداش فۇ شيە نجۇڭدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىش زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەردە مەنمۇ بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

يولداش فۇ شيە نجۇڭنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قەتئىي ئىشىنىپ، پۈتۈن ھاياتىنى پارتىيىنىڭ سىياسەت ۋە تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا بېغىشلىغانلىقىنى ئۆگىنىش كېرەك.

يولداش فۇ شيە نجۇڭنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىپ ئۆگەنگەن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىنقىلابىي كىشىلىك دۇنيا قارىشىنى تىكلىگەن. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قەتئىي ئىشىنىپلا قالماي، بەلكى پارتىيىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، ئۆز كەنتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىغا ئاكتىپ تەشۋىق ئېلىپ بارغان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش ۋە «يەر قانۇنى لايىھىسى»نى تەشۋىق قىلغان؛ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتىپلىشىشتىن تارتىپ 80 - يىللاردىكى يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، ئۇنى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيۈپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش، سوتسىيالىزم نىشانى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، كىشىلەر ئۇنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن يۈتيەن

ناھىيىلىك پارتكوم بۇندىن 30 نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭغا بەرگەن «يېزا دوكلاتچىسى كىنىشكىسى» بىلەن ئون يىل ئىلگىرى بەرگەن «تەشۋىقاتچىلىق كىنىشكىسى»نى بايقىغان. دەسلەپكى چاغلاردا كەنتنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئۇ بىر قولىدا قەغەز كاناينى تۇتۇپ، بىر قولىدا ھاسا تۇتۇپ، كەنتنى ئايلىنىپ تەشۋىق ئېلىپ بارغان؛ كېيىن شارائىت ياخشىلانغاندىن كېيىن، رادىئو، رادىئو كاناي، قارا تاختا ۋە بىر نەچچە نۇسخا گېزىتكە تايىنىپ، 2000 ساندىن كۆپرەك قارا تاختا گېزىتى چىقارغان، ئۇرغۇنلىغان قىسقا ئوبزورلارنى ئاڭلاتقان. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ قىزغىنلىق، ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلغان، ھالال ئەمگەككە تايىنىپ ئورتاق بېيىش، «ئەمگەككە تايىنىپ بېيىش يولىدا بىرمۇ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنى تاشلاپ قويماسلىق»نى تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭ تەشۋىقاتى ئەقلىگە مۇۋاپىق، جانلىق، ئېنىق بولغاچقا، ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىغان، ئاممىنى تەربىيىلەش، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناپ، كەنتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. شۇڭا، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كىشىلەر نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ رادىئودىكى ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغاچقا، خۇددى بىر نېمىلىرى كەمدەك ھېس قىلىشقان.

يولداش فۇ شيېنجۇڭنىڭ تەشۋىقاتى نېمە ئۈچۈن قايىل قىلارلىق، تەسىرلىك بولىدۇ؟ چۈنكى، ئۇ سوتسىيالىزمنى تەشۋىق قىلدى، ئۇنىڭغا ئۆزى قەتئىي ئىشەندى، سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىشتا باشلامچى بولدى. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى، ئىچى - تېشى ھەقىقىي تۈردە بىردەك بولدى. ئۇ سۆز بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىدىيىسى، خىسلىتى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكىتى بىلەن ئاممىنى تەربىيىلىدى، ئۇنىڭ سۆزىگە ئامما ئىشەندى. يولداش فۇ شيېنجۇڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆز سەۋىيىسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ تەشۋىقاتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە، پارتىيە ۋە ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان.

تەشۋىقات خىزمىتى پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم. پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىنى رەھبەرلەر، كادىرلار بىلىپلا قالماي، كەڭ ئاممىمۇ بىلىشى كېرەك. ئامما پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى چۈشىنىپ، ئورتاق نىشانغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن يەكدىللىك بىلەن ئىشلىيەلەيدۇ. «ئامما بىلەن ئۇچراشقاندا، تەشۋىق قىلماي، تەرغىب قىلماي، ئۇتتۇق سۆزلىمەي، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي، ھال - ئەھۋال سورىماي، دەرد - ئەھۋالغا يەتمەي، بىپەرۋا يۈرۈش، ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ئادەتتىكى پۇقرادىن پەرقسىز قىلىپ قويۇش» — يولداش ماۋزېدۇڭ تەنقىد قىلغان لىبېرالىزمنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۆتكەن بىر مەزگىل، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتلىرىمىز ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقتىن، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە فېئودالىزم قالدۇقلىرى يېزىلاردىكى بەزى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى. بۇ ساۋاق ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنى سوتسىيالىزم ئىدىيىسىگە ئىگىلىتىپ، يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، يولداش فۇ شيېنجۇڭغا ئوخشاش، سەممىيەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئىختىيارىي تەشۋىقاتچىلار زۆرۈر، بۇ بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىدىن يولداش فۇ شيېنجۇڭنىڭ «جېنىم تېنىمدە بولسىلا، تەشۋىقات ئېلىپ بارىمەن» دەيدىغان روھى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يولداش فۇ شيېنجۇڭ تەشۋىقاتچىلىق ئورنىدا پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىنى تەقدىم قىلىپ، غايەت زور نەتىجە قازانغان. ئۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ھاياتى دەپ بىلگەن. ئۇ دائىم: «مەن پارتىيىگە مەنسۇپ» دەيتتى. پارتىيىگە ئېھتىياجلىق بولغانلىكى ئىشلارنى، ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىگەن. بىز يولداش فۇ شيېنجۇڭنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىن بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ بارلىقىنى پارتىيىگە تەقدىم قىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىز يولداش فۇ شيەنجۇڭنىڭ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا ئىستىل بىلەن ناچار ئىللەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

يولداش فۇ شيەنجۇڭ پارتىيە ئىچىدىكى، خەلق ئىچىدىكى بەزى ناپاك ئىدىيە، ھەرىكەتلەرگە قارىتا، ئەزەلدىن «ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتسىز ئىش دەپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماسلىق» پوزىتسىيىسىدە بولماي، بەلكى پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ياخشى نىيەت بىلەن ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىدە سەۋرچانلىق بىلەن تەنقىد، ياردەم بەرگەن. پارتىيىلىك كادىرلارغا ئىنچىكە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، دادىل نازارەت قىلغان. ئۇ بەزى كادىرلارنىڭ پاسسىپ، چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، «لىبېرالىزمغا قارشى تۇرايلى» نى چىرايلىق كۆچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ «دەستۇرى» سۈپىتىدە تامغا چاپلاپ قويغان. بەزى كادىرلار بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ قىما ئويناپ، پۇل تىكىشكەن ھەتتا بۇنى «موچەن، پۇكچەنلەر قىمارغا كىرمەيدۇ» دەپ قارىغاندا، يولداش فۇ شيەنجۇڭ ئۆز ۋاقتىدا «بىر پۇڭ تىكىپ ئويناشمۇ قىمار» دېگەن بىر قىسقا ئوبزور يېزىپ، كەنتتە ئاڭلىتىپ، بۇ يولداشلارنى ئاگاھلاندۇرغان. پىلانلىق تۇغۇت ئەزەلدىن كەنت كادىرلىرى ئەرپىدىن «ئەڭ قىيىن» خىزمەت دەپ قارىلىپ كېلىنگەن ئىدى، يولداش فۇ شيەنجۇڭ بالا - چاقىسى يوق، ئەنھا بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ خىزمەتنى ئىشلىشى تېخىمۇ قىيىن ئىدى. لېكىن ئۇ دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاممىغا دۆلەتنىڭ بۇ تۈپ سىياسىتىنى تەكرار تەشۋىق قىلىپ، ئۆز كەنتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھېسابلاش - سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرگەن. كەنتتە بەزىلەر بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، نەسىھەتنى ئاڭلىمىغاندا، ئۇ «بۇنداق ئۇغۇۋەرسە قانداق بولغىنى !» دېگەن تېمىدا ئوبزور يازغان. شۇنىڭ بىلەن ئايرىم كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، كېچىدە ئۇنىڭغا خىش ئاتقان، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمىگەن، ئەتىسى يەنە «تۇرۇپ يىسقىتقىلى بولمايدىغان كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن تېمىدا يەنە قىسقا ئوبزور يېزىپ چاپلىغان. نەتىجىدە، پارتىيە تەشكىلى ۋە ئاممىنىڭ قوللىشى بىلەن، فۇ شيەنجۇڭغا خىش ئاتقان كىشى ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشقا مەجبۇر بولغان.

نۆۋەتتە پارتىيىمىز ئىچىدە ۋە جەمئىيەتتە ئۇرغۇنلىغان پاسسىپ، چىرىك ھادىسىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئاممىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىماقتا. بۇ خاتا نەرسىلەرگە قارىتا بەزىلەر ئارقىدىن غەيۋەت قىلىپ، غۇدۇڭشىسىمۇ، بۇنىڭغا ئامالىمىز يوقكەن، دەپ قاراپ، پاش قىلىشقا، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل پاسسىپ كەيپىيات؛ بەزىلەر بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قېلىپ، بىر ئىبقىدا بۇلغانماقتا؛ بەزىلەر خاتا سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۇنى تەنقىد قىلماي، توسماي، ئۇنىڭغا ماسلاشماقتا. يولداش فۇ شيەنجۇڭ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ھەممە يەردە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، يۈز - خاتىرە قىلماي، زەربە يېيىشتىن قورقمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش فۇ شيەنجۇڭ تۇرۇشلۇق سەنلىتۇن كەنتىدە بىرمۇ جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى، ناتوغرا ئىستىللارنىڭ باش كۆتۈرەلمىگەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى — ئۇ يەردە يولداش فۇ شيەنجۇڭدەك يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىغانلىقىدا. ناچار ئىستىللارغا قارىتا بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇشى ۋە كۈرەش قىلىشى لازىم. ھەممەيلەن مۇشۇنداق قىلالىسا، پارتىيىمىزنىڭ ئىستىلى، جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ.

يولداش فۇ شيەنجۇڭنىڭ كوللېكتىپقا كۆيۈنۈش، خالىسانە تەقدىم قىلىش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىدىن ئۆگىنىش لازىم.

يولداش فۇ شيەنجۇڭ كاتىپ، ئامبارچى، بوغالتىرلىق قىلغان ھەم كەنتنىڭ تەشۋىقاتچىلىقىنى ئىشلىگەن، ئۇ كوللېكتىپ ئۈچۈن ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ، بىر پۇڭ پۇل، بىر سەر ئاشلىق، بىر ۋاراق قەغەزنىمۇ تېجەپ قالغان،

ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان، كەنتنىڭ مېھمان ئامقىنى قەتئىي يېمىگەن، كوللېكتىپنىڭ ئاماكسىنى قەتئىي چەكمىگەن، ئومۇمەن قىلچە نەپ ئېلىۋالمىغان. ئۆزىگە تېگىشلىك ھەقنىمۇ ھەدەپ باشقىلارغا ئۆتكۈزگەن. ئۇ كوللېكتىپقا شۇنچە كۆپ خىزمەت ئىشلەپ تۇرۇپمۇ، يەنە مەن مېيىپ بولغاچقا، ئىنىزغا چىقىپ ئىشلىيەلمىدىم، شۇڭا يېرىم ئەمگەك ھەققى ئالاي دەپ تۇرغان. كېيىن تەشكىلدىن ئۇنىڭغا ئېيىغا 45 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشنى قارار قىلغاندا، ئۇ پەقەت 30 نەچچە يۈەننىلا ئالغان. تەشكىل ئۇنىڭغا 10 نەچچە يۈەن مۇكاپات پۇلى بەرگەندە، بۇ پۇلنى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە بېرىش ئۈچۈن، بوغالتىر ئارقىلىق كوللېكتىپنىڭ ھېساباتىغا كىرگۈزۈۋەتكەن؛ ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، يېنىدا قالغان 5.74 يۈەننى پارتىيە بەدەل پۇلى ئۈچۈن تاپشۇرۇۋەتكەن. ئۇ يۇرتداشلارنىڭ بېيىشى ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى نامرات ئۆتۈپ كېتىشكە رازى بولغان. ئۇ «ئاماق سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامان بولغانلىقىنىڭ كارايىتى چاغلىق، مۇھىمى خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىش» دەيتتى. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز ئاز - تولا ھوقۇققا ئېرىشىۋالسىلا، تۈرلۈك يوللار بىلەن شەخسىي نەپ ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ، قانداقتۇ «ھوقۇقنى ئىشلەتمىسە، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ يولداش فۇ شيېنجۈڭنىڭ قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزلەش روھىغا قارىغاندا ئاسمان - زېمىن پەرقلەنمەمدۇ؟!

يولداش فۇ شيېنجۈڭنىڭ قەتئىي پرولېتارىياتلىق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قەتئىي قوغداش روھىدىن ئۆگىنىش كېرەك.

1989 - يىل ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا بېيجىڭدا مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەندە، يۈيتيەن ناھىيىسى بېيجىڭغا يېقىن بولغاچقا، بىر مەھەل پىتنە - ئىغۋالار كۆپىيىپ، كىشىلەر دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى؛ ئۇ دەرھال ئۆز قولىدىكى تەشۋىقات قورالىدىن پايدىلىنىپ، كەنتتىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە يۇرتداشلاردىن: «پىتنە - ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىك، كوچا خەۋەرلىرىنى تارقاتماسلىق، چوقۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، يېزىلاردا يازنىڭ ئۈچ ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش»نى مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭ تەشۋىقاتى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە كىشىلەر قەلبىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

يولداش فۇ شيېنجۈڭ ئاددىي بىر دېھقان پارتىيە ئەزاسى، يېزىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئاساسىي قاتلامدا ياشىغان، جامائەت پىكرىدە خاتا يېتەكچىلىك يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۇ توغرا ھۆكۈم چىقىرالىغان ھەمدە قولىدىكى تەشۋىقات قورالى ئارقىلىق، ئەتراپتىكى ئاممىغا تەسىر كۆرسەتەلىگەن. ئۇ بۇنىڭدا نېمىگە تايانغان؟ ئۇ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا بولغان قەتئىي ئىشەنچىگە تايانغان. ئۇ دايىم: «كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، سوتسىيالىزم بولمىغان بولسا، مەنمۇ بولمىغان بولاتتىم» دەيتتى. ئۇ پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بولغاچقا، دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇپ، پارتىيىگە ۋە خەلق ھاكىمىيىتىگە زىيانكەشلىك قىلغاندا، ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن قوغداپ، كۈچلۈك پارتىيىۋىلىكىنى نامايان قىلغان. ئەگەر بارلىق پارتىيە ئەزالىرىدا مۇشۇنداق قەتئىي ئىشەنچ ۋە كۈچلۈك پارتىيىۋىلىك بولىدىغان بولسا، يەڭگىلى بولمايدىغان يەنە قانداق قىيىنچىلىق، يەنە قانداق دۈشمەن بولسۇن؟

يولداش فۇ شيېنجۈڭدىن ئۆگەنگەندە، كۆپچىلىككە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرى توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ئابزاس مۇپەسسەل بايانىنى قايتا تەۋسىيە قىلىمىز: «كومپارتىيە ئەزاسى ساپ دىل، سادىق، ئاكتىپ بولۇشى، ئىنقىلاب مەنپەئىتىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈشى، شەخسىي مەنپەئىتىنى ئىنقىلاب مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇشى لازىم؛ قانداق ۋاقىت ۋە قانداق جايدا بولسۇن، توغرا پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ناتوغرا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرگە قارشى ھارماي - تالماي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشىنى مۇستەھكەملىشى،

پارتىيىنىڭ ئاممىا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى چىڭىتىشى لازىم؛ پارتىيىگە ۋە ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى شەخسكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئەلا كۆرۈشى، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئەلا كۆرۈشى لازىم». بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئۆزىنى كۆزدە تۇتىدىغان يولداشلارغا ۋە خەلققە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن يولداش ماۋزېدۇڭ: «بۇنداق ئادەملەر، ئەمەلىيەتتە، كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنى ساپ كومپارتىيە ئەزاسى دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ» دېگەن. بۇ سۆزنى ئىلگىرى نۇرغۇن يولداشلار ئوبدان بىلەتتى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى يولداشلىرىمىز بۇلارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. مەن بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇ سۆزنى يېڭىباشتىن ئوقۇپ، ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماي، ھەر دائىم پارتىيە ئەزالىرى ئۆلچىمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھازىر، دۆلىتىمىز مۇھىم تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرماقتا. خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، ئىچكى ـ تاشقى. دۈشمەن كۈچلەر تۈرلۈك يوللار بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىمىزنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا. بىز ئالغا بېسىش يولىمىزدا يەنە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، چىرىتىشكە قارشى تۇرۇپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پارتىيىمىزنى ئىخچام، قۇدرەتلىك بولغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئۇيۇتقۇسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. پارتىيىمىزنىڭ 50 مىليونغا يېقىن ئەزاسى بار، شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە، نۇرغۇنلىغان فۇ شىيەنجۈگدەك پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن سەممىي، ساداقەت بىلەن ئىشلەيدىغان ياخشى يولداشلار بار. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى قوللىشى، ئۇلارنى تەقدىرلىشى ۋە تەشۋىق قىلىشى لازىم. ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. مەن بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ يولداش فۇ شىيەنجۈگنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز ئورنىدا ئاۋانگارتلىق، ئەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇنداق بولغاندا، پارتىيىمىز ئىخچام قۇدرەت تاپىدۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىز ئىخچام گۈللەپ ياشنايدۇ، راۋاج تاپىدۇ.

(بېشى 9 ـ بەتتە)

سۈرۈشىمىز لازىم.

ھەر قايسى سەپ، ھەر قايسى تارماقلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى يولداش فۇ شىيەنجۈگدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ئارقىلىق ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيە ئەزالىرى ئۆلچىمىگە ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيە، ھەرىكىتىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ، پەرقلەرنى تېپىپ، تىرىشىش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. يولداش فۇ شىيەنجۈگدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، جياۋ يۈلۇدىن ئۆگىنىش، ئۆز ئەتراپىدىكى ئىلغار، ئەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈش، نۇرغۇن جايلاردا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش»، «پارتىيىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈش»، «يېڭى دەۋردىكى لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇش» قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى كۈچلۈك ئىنقىلابىي كەسىپچانلىق ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن چىرىكلىككە ئاڭلىق قارشى تۇرۇپ، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا ئاۋانگارتلىق، ئەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىش لازىم.

# يېزا ـ كەنتلەردە ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى

## دولىيېزىسىنىڭ ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات

تۇرمۇھەممەت مەخمۇت

يېزىمىز تەۋەسىدە 29 كەنت، 114 مەھەللە بار، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىلگىرى يېزا ـ كەنتلەردە ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇشقا ماددىي ئاساس يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالماي، ئىسمى بار، جىسمى يوق قۇرۇلمىغا ئايلىنىپ قالغان، بەزى كەنتلەردە ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرى تاقىۋېتىلگەن ئىدى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى ھەل قىلىنىپ، ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى.

يېزىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن كونكرېت خىزمەتلىرى ۋە قوللانغان ئاساسىي تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) يېزىلىق پارتكوم يېزا ـ كەنتلەردە ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش خىزمىتى مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ھەمدە سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مەركىزىي خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا پارتكومنىڭ شۇجىسى كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇشنى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى قىلىپ بېكىتىپ، قەرەللىك ھالدا سېلىشتۇرۇپ باھالاپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ تۇردى. يېزىلىق پارتكوم ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئون ماددىلىق بەلگىلىمە چىقىرىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1988 — يىل 3 ـ ئايدا، سىبىرىق كەنتىدە قانداق قىلغاندا ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلغان ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ۋە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى بۇ خىزمەتكە ئوبدان ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ باردى. ئۆتكەن يىل 11 ـ ئايغىچە 167 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن 29 كەنتنىڭ ھەممىسىدە

سىملىق رادىئو دولقۇنىنى كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم ئاڭلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سىملىق رادىئونىڭ ئائىلىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلدى ھەمدە كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى، تېلېۋىزور كۆرۈش ئۆيى، تەنتەربىيە مەيدانلىرى قۇرۇلدى. مەدەنىيەت ئۆيىگە 16 مىڭ 63 پارچە ھەر خىل كىتاب - ژۇرنال، 127 دانە ھەر خىل ئويۇنچۇق قويۇلدى. يېزىمىز بويىچە كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ تېلېۋىزورى 905كە يېتىپ زۆرۈر تولۇقلاش رولىنى ئوينىدى. مەدەنىيەت ئۆيى، تېلېۋىزورخانىلاردىن پايدىلانغۇچىلار كۈنىگە 1700 ئادەم قېتىمغا يەتتى، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22 سان قارا دوسكا، 6 سان فوتو سۈرەت تەشۋىقات خەۋىرى چىقىرىپ، مەھىيە، پىلانلىق تۇغۇت، قانۇن - تۈزۈم، يېزا پەن - تېخنىكىسى خىزمىتىگە ئائىت كەسپىي بىلىملەرنى تونۇشتۇردى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىنو كۆرۈشى قىيىن بولۇشتەك ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى كەنتلەر يېزىلىق كىنو قويۇش ئەترىتى بىلەن 1988 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 200 مەيدان كىنو قويۇش توختامى تۈزۈپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنى ھەقسىز كىنو كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

2) يېزا - كەنتلەردە ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كەسپىي خادىملار ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھازىر يېزىمىز بويىچە ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىدا ئىشلەۋاتقان كەسپىي خادىملارنىڭ ئومۇمىي سانى 39 نەپەرگە يەتتى. ئۇلار قەرەللىك ھالدا كەسپىي ۋە سىياسىي ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. ئۇلارغا كەنت كادىرلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ، ئىش ھەققى بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

3) يېزا - كەنتلەردە ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ ئورنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ھازىرغا قەدەر، يېزىمىز بويىچە ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرى ۋە تەنتەربىيە مەيدانلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3600 كۋادرات مېترغا يەتتى، سىملىق رادىئو كۈچەيتىش پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيى، تېلېۋىزورخانا، ئويۇنچۇقخانا، تەنتەربىيە مەيدانلىرى ۋە باشقا پائالىيەت سورۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىشقا باشلىدى.

4) يېزا - كەنتلەردە ئەلنەغمە، خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. ھازىر ھەر بىر ئۆچاستكىدا ئۈچ كىشىدىن بەش كىشىگىچە تەركىب تاپقان ئەلنەغمە، خەلق سەنئەتچىلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن تاشقىرى، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى قارىمىقىدا 15 كىشىلىك بىر ئەلنەغمە خەلق سەنئەتچىلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ھەر بازار كۈنلىرى ۋە ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كەڭ ئامما دەم ئېلىش ۋە بايرام كۈنلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

5) يېزا - كەنتلەر ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇشتا چىڭ تۇردى، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئورگىنىنىڭ يەرلىك مالىيەسىدىن رادىئو ئۆزىلى، مەدەنىيەت پونكىتى ۋە كىنوخانا ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان خىراجەت 120 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە كومىتېتلىرى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازا قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان خىراجەت 167 مىڭ يۈەنگە، پارتىيە - ئىتتىپاق ئەزالىرى كادىرلار ۋە دېھقان - چارۋىچىلار ئۆزلۈكىدىن ئىئانە قىلغان نەق پۇل ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەر 5000 يۈەنگە يەتتى. ھازىر ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ پائالىيىتى كۈنسايىن جانلىنىپ، كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇش، كىنو - تېلېۋىزور كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش، يېزا، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش تەدرىجىي ھالدا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىگە ئايلىنىشقا باشلىدى.

# «دېهقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش» توغرىسىدا تەشۋىقات ماتېرىيالى

## ئالتىنچى لېكسىيە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى

ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلاملاردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، خەلق ۋە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئاساسىي قاتلاملاردىكى سىياسىي تۇرمۇشىدا ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ھوقۇقى، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى، تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقنى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، يۇقىرالىق ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش، دۆلەتنى ۋە كارخانا، كەسپىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۇۋەتە، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى مۇنداق بولىدۇ: ئۆز مەمۇرىي رايونلىرى تەۋەسىدە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، سىياسەتلەر، پەرمانلار، مەمۇرىي بۇيرۇقلارنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارارلىرىنىڭ رىئايە قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە قارارلارنى ماقۇللايدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ؛ دۆلەت پىلانىغا ئاساسەن، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ۋە جامائەت ئىشلىرى جەھەتتىكى قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى بەلگىلەيدۇ؛ ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى مالىيە خامچوتى ۋە بۇ خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ؛ ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى يولغا قويۇش پىلانىنى بەلگىلەيدۇ؛ يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرى، بازار باشلىقى، مۇئاۋىن بازار باشلىقلىرىنى سايلايدۇ؛ يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛ يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامۇۋاپىق قارارلىرىنى ۋە بۇيرۇقلىرىنى بىكار قىلىدۇ؛ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدىكى مال - مۈلۈكنى ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈكنى قوغدايدۇ، پۇقرالارنىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى بارلىق قانۇنىي مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلايدۇ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش

ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇش، ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق ئېلىش ۋە نىكاھ ئەركىنلىكى قاتارلىق ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزا - بازارلاردا ئومۇمىيۈزلۈك بىۋاستە سايلام ئېلىپ بېرىلدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزا - بازارلار ئاساسىي قانۇن، تەشكىلىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە يېزا - بازار باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى؛ قەرەللىك ھالدا خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش رولىنى جارى قىلدۇردى. خەلق ۋەكىللىرىنىڭ سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاش، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمى پەيدىنپەي شەكىللەنمەكتە. سايلىغۇچىلارنىڭ خەلق ۋەكىللىرىنى، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش رولى كۈچىيىشكە باشلىدى.

لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تۈز قۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: بىرىنچى، ئايرىم يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز ھوقۇقىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئۈنۈملۈك يۈرگۈزەلمەيۋاتىدۇ. ئىككىنچى، مەركەزنىڭ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملىرى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا قانۇندا بەلگىلەنگەن يىغىنلار ۋاقتىدا ئېچىلمايۋاتىدۇ، بەزى جايلاردا ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپى كەم بولسىمۇ، يىغىن يەنىلا ئېچىلىۋاتىدۇ، بەزى جايلاردا ئاۋازغا قويغاندا قوشۇلىدىغان ئاۋاز سانى يېرىمىدىن ئاشمىسىمۇ ماقۇللىنىۋاتىدۇ، بەزى جايلاردا ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل خادىملىرى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىشقا تەيىنلەش ۋە ئىشتىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى ئۆتەلمەي تۇرۇپلا يۆتكەپ چىقىلىۋاتىدۇ ۋە يۆتكەپ كېلىنىۋاتىدۇ. ئۈچىنچى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى يېپىق مەزگىلدىكى بىر قىسىم خىزمەتلەر نورمال قانات يايدۇرۇلمايۋاتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يىغىنلىرىدا چىقىرىلغان قارارلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئىجرا قىلىنىش ،ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىغان ئادەم بولمايدىغان، يېزىلىق، بازارلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىشقا، ئۆيۈشتۈرۈشقا ئامالسىز قالىدىغان، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى ،بېجىرىشكە تۈرتكىلىك قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان، ۋەكىللەرنى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەيدىغان ئادەم بولمايدىغان، خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن خەت - چەك، ئەرزىيەتلەرنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى.

يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئاساسەن، جايلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئاساسىي قاتلاملاردىكى ھاكىمىيەت ئورگىنى دېيىدىغان كۆز قاراشنى ھەقىقىي تىكلەپ، «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى» گە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يۇقىرىلارنىڭ دۆلەت ئورگىنى، دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە تەنقىد بېرىش، تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ۋە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى، مەسلىھەت بېرىش ھوقۇقى ۋە قۇرۇلتاي مەزگىلىدىكى سۆزلەش، ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تۈرلۈك ھوقۇقى ھۆرمەتكە ئېگە بولۇشى ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى لازىم. جايلار قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنى قەرەللىك، ئەستايىدىل ئېچىپ تۇرۇشى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يىغىن سۈپىتىنى ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى، يېزا - بازارلارنىڭ ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، مالىيە خامچوتى، «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇش پىلانى ۋە يېزا - بازار باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى نىشانى قاتارلىق زور مەسىلىلەرنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا تاپشۇرۇش لازىم. يىغىننىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى يىغىندىن ئىلگىرى ۋەكىللەرگە تارقىتىپ پىكىر ئېلىش ھەمدە ۋەكىللەرنى يىغىندىن ئاۋۋال كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەش، يىغىندا چىقىرىلغان بەلگىلىمە ۋە قارارلارنى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئاممىا ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغان كىشىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىگە كىرگۈزۈپ، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى نوپۇزلۇق ھاكىمىيەت ئورگىنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

ئۈچىنچى، جايلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات شتات كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك - كادىرلار نازارىتىنىڭ 1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىرلىكتە تارقاتقان مۇناسىۋەتلىك ئۇقتۇرۇشلىرى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىيا-سەتچىسىنىڭ دائىمىي رەئىسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە (لايىھە)» سىنىڭ روھى بويىچە، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ دائىمىي رەئىسىنى تەسىس قىلىپ، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يېپىق مەزگىلدىكى نورمال خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىلگىرىكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يېپىق مەزگىلدە كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولماسلىق، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئادەم بولماسلىق، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئىنكاس قىلىدىغان مەخسۇس يوللار بولماسلىق ھالىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش لازىم.

تۆتىنچى، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ نورمال خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا كونكرېت ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى، نۆۋەتتىكى يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تېخىمۇ ئالغا يۈكسەلدۈرۈشى لازىم.

## يەتتىنچى لېكسىيە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنى ئورتاق بېيىش يولىغا يېتەكلىشى لازىم

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھاكىمىيەت بىلەن گوڭشې ئايرىۋېتىلىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 8000 دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 33 مىڭدىن ئارتۇق كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى بار. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى قۇرۇش — ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىم بىر خىزمىتى. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ

ياخشى - يامان بولۇشى يېزا ئاساسىي قاتلام خىزمەتلىرىنىڭ قانات يېيىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

## بىرىنچى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە رولى

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى دېگەندە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز - ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ — ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنىڭ بىر خىل شەكلى. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى — كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان، ئۆز - ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلات. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى (سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈلىدۇ)» دىكى بەلگىلىمە بويىچە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇھىم فۇنكسىيىسى ۋە رولى تۆۋەندىكىدەك:

1. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېتەكچىلىكى، قوللىشى ۋە ياردىمىدە، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چۈشۈرگەن مەمۇرىي ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى ۋە ئاكتىپ ئورۇندىشى لازىم. ھەقىقىي يولغا قويۇلۇشقا بولىدىغان «كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى» تۈزۈپ چىقىپ، پايدىلىق بولغان تۈرلۈك جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

2. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنات - سودا، ئامانەت - قەرز، ئىستېمال قاتارلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى قوللىشى ۋە ئۇنى تەشكىللىشى، ئۆز كەنتىنىڭ مۇلازىمەت ئىشلىرى ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كەنتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

3. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي بەلگىلىمە بويىچە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشتەك ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە كەنت ئاھالىلىرى، ئىگىلىك ھۆددىگەرلىرى، بىرلەشكەن ئائىلىلەرنىڭ ياكى شېرىكلەشكەنلەرنىڭ قانۇنىي مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى لازىم.

4. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆز كەنتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەر ۋە باشقا مال - مۈلكىنى باشقۇرۇشى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىقتىن ئەقىلگە مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدىشى ۋە ياخشىلىشى لازىم.

5. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار، قائىدە - نىزاملار ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشى، ئاھالىلەرگە قانۇن بويىچە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى، جامائەت مۈلكىنى ئاسرىشى، ئاھالىلەرنىڭ قانۇنىي مەنپەئەت - ھوقۇقىنى قوغدىشى، كەنت بىلەن كەنت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىنى يىغچە بېجىرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، كونا قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلەرنى توسۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئوبدان يولغا قويۇشى، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى، كۆپ خىل شەكىلدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

6. كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئاھالىلەرگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى لازىم.

7. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى كەنت ئاھالىلەر يىغىنى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى ھەمدە ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى كېرەك، كەنت ئاھالىلەر يىغىنى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى تەرىپىدىن چاقىرىلىدۇ ۋە رىياسەتچىلىك قىلىنىدۇ، پۈتۈن كەنتتىكى ئاھالىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىشلىق مەسىلىلەرنى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى چوقۇم كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا قويۇشى شەرت.

8. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئېھتىياجغا ئاساسەن، ھەق تەلەپ مۇرەسسەسى، ئامانلىق ساقلاش، سەھىيە قاتارلىق كومىتېتلارنى تەسىس قىلىپ، ئۆز كەنتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش، ھەق تەلەپ مۇرەسسەسى، سەھىيە قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

## ئىككىنچى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەنتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشى لازىم

يېزا خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى — پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېھقانلارنى تەربىيىلەپ، يېتەكلەپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، كەنت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ دەۋر قىلىپ، كەنتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كەنتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى دېھقان، چارۋىچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش ۋە يېزىلاردا جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى پائال ئورۇنداش داۋامىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. لېكىن كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى مۇنۇلار: بەزى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، كەنتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇلمايۋاتىدۇ؛ بەزى كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئاجىز، كادىرلارنىڭ ساپاسى ناچار بولغانلىقتىن، خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ؛ ئاز ساندىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى پالەچ، يېرىم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان، ئايرىم كەنتلەر بۇزۇق ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىدا قېلىپ، ئىجتىمائىي تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، كونترول قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى يۇقىرىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، بىز چوقۇم پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىلغار ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بىرىنچىدىن، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا بولغان باشقۇرۇش ۋە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىككى - ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلۇشىدا يېڭى قىياپەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك. تۆۋەنتە، بولۇپمۇ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاجىز، تارقاق بولغان كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى تەرتىپكە سېلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۆز رايونىدىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئەھۋالنى ئىگىلەش ئاساسىدا، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل قوللىنىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. ئاجىز، تارقاق ۋە پالەچ، يېرىم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرتىپكە سېلىش كېرەك. تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم

ئۇقتىسى رەھبەرلىك بەرىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، بولۇپمۇ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرىنى ئوبدان تاللاشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى پەيدىنپەي قۇرۇپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، قۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ تېخىچە قۇرۇلمىغان ۋاقىتتا ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ چىقىش، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى تەشكىلاتلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئۆزىنى قۇرۇلۇشىنى ئۇتۇپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېزا ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تەشۋىق قىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارغا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دېموكراتىيە — قانۇنچىلىق تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە باشقا قالاق كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، ساغلام مەدەنىيەت، ئىلغار كەيپىيات ئارقىلىق يېزىدىن ئىبارەت بۇ بازىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە دېھقان، چارۋىچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە زورايتىش، يېزىلاردىكى بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن ئايرىم باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىكنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورتاق بېيىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك يولغا مېڭىش لازىم.

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش داۋامىدا، جايلار كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ئورۇندا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

## ئۈچىنچى، جان - دىل بىلەن دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، چىن كۆڭۈل - سەمىمىي نىيەت بىلەن ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلىش لازىم

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز - ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلىشتەك ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتى ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەزالىرى چوقۇم جان - دىل بىلەن دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، چىن كۆڭۈل - سەمىمىي نىيەت بىلەن ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلىپ، ئۆز كەنتىنىڭ جامائەت ئىشلىرى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى، ھەق تەلەپ مۇرەسسەسى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشقا ھەمكارلىشىش قاتارلىق خىزمەتلەر داۋامىدا ئادىل ئىش بېجىرىشى لازىم. ئۆرگۈنلىگەن ئەمەلىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايسى جاينىڭ كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى كادىرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇدىرلىرى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت خىزمەت لۇشيەنىدە چىڭ تۇرالايدىكەن، شۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئاجايىپ نەتىجە يارىتالايدۇ. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى كادىرلىرى تۆۋەندىكى تۆت شەرتنى ھازىرلىشى لازىم: (1) غايىلىك بولۇش، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا

قىلىشتا قەتئىي بولۇش؛ (2) پاك ـ دىيانەتلىك، ئادىل بولۇش، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىك، زىياندىن قورقماسلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇش؛ (3) ئاممىنى ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىشقا يېتەكلەش، ئورتاق بېيىش، غەيرەت ۋە قابىلىيىتى بولۇش؛ (4) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش.

يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىمىز كەنت كادىرلىرىغا «خەلقنىڭ چاكىرى» بولۇش ۋە «ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش» تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. جايلار پىلان تۈزۈپ، قەدەم ـ باسقۇچلارغا بۆلۈپ، ھەر يىلى قىشلىق بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، كەنت كادىرلىرىغا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان فاڭجېن، سىياسەتلىرى توغرىسىدا تەربىيە ۋە پەن، مەدەنىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت مەقسەتنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەپ، ئاممىنىڭ ئۈلگىسى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمىگەن، پاك ـ دىيانەتلىك، ئادىل بولغان، پارتىيىگە بىجانىدىل خىزمەت قىلغان، ئامما ئۈچۈن ئىشلىگەن ياخشى كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

## سەككىزىنچى، يېزىلاردىكى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك

يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا ئىسلاھاتنىڭ تەلىپى بويىچە يېزا ـ بازار ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى، گۇرۇپپا ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى سىستېمىسى پەيدىنپەي ۋۇجۇدقا كەلدى. ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا.

نۆۋەتتە، يېزىلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان «بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈلگەن» قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ھەمكارلىق ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي شەكلى؛ كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادى — ھەمكارلىق ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى؛ كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى — ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى. ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار — ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا رايونلار دائىرىسى بويىچە شەكىللەنگەن، جامائە ـ رايون ۋە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تەشكىلات. ئومۇمەن كوللېكتىپنىڭ يېرىنى ھۆددىگە ئالغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى — ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا — زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ، مال ـ مۈلۈككە مۇستەقىل ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقى، ئىشلىتىش ھوقۇقى بولغان قانۇنىي ئىگە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە. كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئاممىنىڭ رازىلىقى بويىچە مەمۇرىي كەنت، تەبىئىي كەنت ياكى ئەسلىدىكى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ئاساسىدا تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ نامىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆز ئالدىغا نام قويۇپ ئاتىسا بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن × × × دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، × × × دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) ئىقتىسادىي مۇلازىمەت كوپېراتىپى، × × × دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) ئىقتىسادىي

بىرلەشمىسى، ۋەھاكازا.

يېزىلاردىكى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى — ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيى، ئۇنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى — ئەزالار يىغىنىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن باشقۇرۇش كومىتېتى. كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ باشقۇرۇش كومىتېتى ئومۇمەن ئۈچ - بەش كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ، مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىردىن بىردىن تەسىس قىلىنىدۇ. باشقۇرۇش كومىتېتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ياكى كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىن ئايرىم تەسىس قىلىنىسىمۇ بولىدۇ، ئەزالارنىڭ پۈتكۈل ئازايتىش ئۈچۈن، بىر بەنزە، ئىككى ۋىۋىسكا قىلىنسىمۇ بولىدۇ. كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە رولى تۆۋەندىكىچە:

1. يەر باشقۇرۇش ۋە يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش خىزمىتى، توختامنى بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، يەرلەرنى ھۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، يەرلەرنى ھۆددىگە ئالغان ئائىلىلەرنىڭ توختامدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە يەر ئىشلىتىشى، كوللېكتىپقا پىرسەنت تاپشۇرۇشى، دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھۆددىگەرلىك توختامدىكى ماجىرالارنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش، ھوقۇقىغا تايىنىپ ھۆددىگە ئېلىش يولى بىلەن كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھۆددىگەرلىك توختامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ياكى توختامنى توختىتىش؛ ھۆددىگەرلىك شەرتىدە بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىش بولغاندا، ئەزالارنىڭ تەلىپى بويىچە، كېڭىشىش ئارقىلىق توختامدىكى كۆرسەتكۈچلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەش.

2. ئىخچىنكا مۇلازىمىتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئائىلىلەرنى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قاراتقان يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانى ۋە بازار تەلىپىگە ئاساسەن، ئاساسلىق زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىر تۇتاش قىلىش، سۇ باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشنى بىر تۇتاش قىلىش، سورتلۇق ئۇرۇق ئىشلىتىشنى بىر تۇتاش قىلىش، زىرائەتلەرنى ئاسراش ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىر تۇتاش قىلىش، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشنى بىر تۇتاش تەشكىللەش قاتارلىق زور دېھقانچىلىق ئىخچىنكا تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش. ئەزالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت بىلەن ئاكتىپ تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش.

3. مەبلەغ جۇغلانمىسىنى ياخشى تۇتۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى توغرا ھەل قىلىش، جامائەت جۇغلانمىسى بىلەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن نىسبەت بويىچە جامائەت فوندى، جامائەت پاراۋانلىقى فوندى ۋە باشقۇرۇش راسخوتى قالدۇرۇش، يېزا مائارىپى، پىلانلىق تۇغۇت، نەپەقە، قاتناش، خەلق ئەسكەرلىرى مەشقى ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتى قاتارلىق خەلق باشقۇرۇشىدىكى جامائەت ئىشلىرى راسخوتىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، كوللېكتىپ مال - مۈلكنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئەزالار ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقان كوللېكتىپ مال - مۈلككە بەلگىلىمە بويىچە ئۇپراش ھەققى ئېلىش ياكى باھاغا سۇندۇرۇپ ھەق ئېلىش.

4. «بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈلگەن» ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكتېرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش. تۈز جاينىڭ بايلىق مەنبەسى ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن، ئەزالارنى ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى تۈرلۈك كارخانىلارنى

راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودىنى ئومۇملاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىش.

5. ئەزالارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پائال ياردەم بېرىش ۋە بۇنداق ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قاراش، ئەزالارنى ئوبوروتقا قاتنىشىشقا پائال يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ سېتىۋېلىش ۋە سېتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

يېزا - بازار ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىختىيارلىق، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە تەشكىل قىلىنغان بىرلەشمە ئىقتىسادىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلات بىلەن يۇقىرى - تۆۋەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق. ھەر ئىككى تەشكىلات — باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان كوللېكتىپ قانۇنىي ئىگە. يېزا - بازار ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ مال - مۈلكى، مەبلىغى، ئەمگەك كۈچى قاتارلىقلارنى ھەقسىز يۆتكەپ كەتمەسلىكى كېرەك. يېزا - بازار ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى يېزا - بازارلىق ھۆكۈمەتتىن ئايرىۋېتىلىدۇ، لېكىن يېزا — بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. يېزا - بازار ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى چوڭراق دائىرىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان، مەخسۇسلاشقان مۇلازىمەتنى ياخشى تەشكىللىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى، بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە، مەسىلەن، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى تەمىنلەش ۋە مەھسۇلاتنى سېتىش، مەبلەغ ئوبوروتى، ئۇچۇر مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك، يېزا - بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەزالار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، ئىقتىدارى مۇكەممەل بولغان ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمىتى تىپىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىگە قاراپ پەيدىنپەي راۋاجلىنىشى لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى دېگەندەك تەكشى بولۇپ كېتەلمىدى، بەزى مەسىلەرمۇ ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە: جايلارنىڭ ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتقا بولغان تونۇشى بىردەك ئەمەس، بەزى ئورۇنلاردا قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەسلىدىكى دادۈي، شاۋدۈي نامى بىلەن ئاتالماقتا، بەزى ئورۇنلاردا بولسا كەنت، گورۇپپا ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ ئورنىنى بىۋاستە ئىگىلىگەن؛ بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىكنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان، دېھقانلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا بىرەر ئائىلە ئۆز ئالدىغا پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش قىيىن بولغان ئىشلارنى تەشكىللەيدىغان، ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىدىغان ئادەم بولمىغان؛ يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش توختامىنى باشقۇرىدىغان ئورۇن ئېنىق بولمىغانلىقتىن، ھۆددىگەرلىك توختامىنى تەكشۈرۈش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش، ماجرالارنى تۈگىتىش قاتارلىق مەسىلەر ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىغان؛ يېزىلاردا مالىيە باشقۇرۇش ئىشى ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكى، مەبلىغىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان، ئىسراپ قىلىدىغان ئەھۋاللار ئېغىر، توختامنىڭ نەقلىشىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولغان؛ ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، يەرگە ئاز مەبلەغ سېلىپ، كۆپ ھوسۇل ئېلىشقا ئىنتىلىش تۇپەيلىدىن يەرنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن.

يېزىلاردا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۇرۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش جەريانىدا، ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى جەزمەن

ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

1. ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بەنىلا بىخلىنىش ۋە راۋاجلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە تەشكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى دېھقانلارنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ئىستىخىيىلىك ھالدا تەشكىللەنگەن، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەمكارلىق تەشكىلاتى، بىر خىل يېڭى شەيئى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى، بولۇپمۇ يېزا - بازارلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېتەكلەش، تەشكىللەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، دېھقانلارنى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى ئاڭلىق، ئىختىيارلىق ئاساسىدا قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك.

2. ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنى ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، بېيىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئېچىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» نى ئوبدان ئىشلەپ، دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى پەيدىنپەي تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە راۋاجلاندۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى پەيدىنپەي زورايتىش لازىم.

3. قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدىكى ھەمكارلىق ئىقتىسادىدا ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مالىيە تۈزۈمى قاتتىق بولماسلىق، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇشتەك مەسىلىلەرگە ئاساسەن، كۆپ قاتلام ۋە ھەر خىل يول، ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق ھەمكارلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، مۇئەييەن سەۋىيىگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈش لازىم. نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، ئەمەل قىلىدىغان قائىدە - تۈزۈم بار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە، كوللېكتىپ مال - مۈلكنى ئېنىقلاش ئىشىنى ئالاھىدە تۇتۇپ ئىشلەپ، سوزۇپ كېلىۋاتقان قەرزلەرنى پەيدىنپەي قايتۇرۇۋېلىش ئاساسىدا، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكى ۋە پۇلىنى ياخشى باشقۇرۇش ۋە جانلىق ئىشلىتىش لازىم.

4. جايلار ئۆز رايونىدىكى يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسەن، شۇنىڭغا مۇناسىپ قاتلاملىق بولغان ۋە مۇلازىمەت مەزمۇنىدىكى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى پىلانلىق قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا قۇرۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ «ھاكىمىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش» ئىشىنىڭ ئەمەلىي سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئاممىنىڭ ھەمكارلىشىش ئېھتىياجى بار بولغان جايلار ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئاز ساندا باشقۇرۇش خادىملىرىنى قويسا بولىدۇ؛ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان جايلاردا، ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى ئالدىراپ - تېنەپ قۇرماستىن، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى بىر بەن ئادەم بىلەن ھەل قىلىش، ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، خىزمەت ۋەزىپىسىدە ھەر قايسىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قايسى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسى ۋە رولىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانماي، ھە-ھۇبىلا قۇرۇش، رەسمىيەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. (يۇقىرىقى ئۈچ لېكسىيىنى ۋاڭ دۇفۇ يازغان)

# توققۇزىنچى لىكسىيە يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش — يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى

ئۆتكەن يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا 13 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. مۆلچەرلىنىشىچە، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 مىليارد 960 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1989 - يىلدىكىدىن 500 مىليون جىڭ، 4.06 پىرسەنت ئاشقان؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 984 مىڭ دەنگە يېتىپ، 1989 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 90 مىڭ دەن، 18.5 پىرسەنت ئاشقان؛ مايلىق دانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 766 مىڭ دەنگە يېتىپ، 1989 - يىلدىكىدىن 360 مىڭ دەن، 4.7 پىرسەنت ئاشقان؛ قىزىلچىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون تونىغا يېتىپ، 1989 - يىلدىكىدىن 810 مىڭ تونا، 81.9 پىرسەنت ئاشقان؛ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندا قالغان چارۋا 35 مىليون باش (تۇياق) بولۇپ، 1989 - يىلدىكىدىن 530 مىڭ باش (تۇياق) كۆپىيىپ، 1.54 پىرسەنت ئاشقان. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 590 يۈەندىن 600 يۈەنگىچە بولۇپ، 1989 - يىلدىكىدىن 50 يۈەن ئەتراپىدا كۆپەيگەن.

يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا 13 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىشىدا ھاۋا كىلىمات قاتارلىق ئوبيېكتىپ شارائىت ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. لېكىن ئېھتىمۇ مۇھىمى يەنىلا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ ياخشى بولغانلىقى.

ئاپتونوم رايونىمىز 1978 - يىلدىن باشلاپلا مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان يېزا ئىسلاھاتى فاڭجېنىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى سىناق نۇقتىلىرىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. 1984 - يىلغا كەلگەندە، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلۇپ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «كۆپ ئىشلىسىمۇ، ئاز ئىشلىسىمۇ ئوخشاش بولۇش»، «داش قازان تامىقىنى تەڭ يېيىش» تەڭ تەڭ تەقسىماتچىلىققا تۈپتىن خاتىمە بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا غايەت زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىندى. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يېڭى دەۋرگە ئېلىپ كىردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىسلاھاتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىپ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت كۈچەيتىلدى، تۇرغۇزۇلغان جايلار «بەشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش»نى يولغا قويۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە بىردەم چىڭ تۇتۇپ، بىردەم بوش قويۇۋېتىدىغان ئەھۋاللارغا يول قويمىغانلىقىمىز شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئۇدا، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

شىنجاڭ — دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان ئاپتونوم رايون. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلغىلى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئاساسىي كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن ئۆتكەن يىلى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

بازىلىرىنى قۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دەپ كۆرسىتىپ، بىزنىڭ يېزا خىزمىتىمىزگە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويدى. ئۆز ۋەتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى تۇتۇشنىڭ ئاچقۇچى — كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ مۇقىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشە ۋە گۇمانلارنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت. كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قەلبىنى ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىق يېزا ئاساسىي سىياسەتلىرىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەۋاتقانلىقىنى ھەمدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي بىلدۈرۈش كېرەك. بۇ، ئۆز ۋەتتىكى يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم قەدەم - باسقۇچىدۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئەڭ مۇھىمى ئۆز ۋەتتىكى تۆت نۇقتا:

بىرىنچى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئائىلە ئىگىلىكى يېزا قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلىمى، ئۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شۇنداقلا ھەر قانداق ئىگىلىك ئورنىغا رولنى ئوينىيالمايدۇ. ئائىلىۋى ئىگىلىكتىن ئىبارەت بۇ خىل ھۆددىگەرلىك ئىگىلىك شەكلى يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى نامايەن قىلىشقا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي ھالىتىنى نامايەن قىلىشقا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق، شۇڭا ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، ئۆز ۋەتە، جايلار يېزا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مۇھىم ئۇقتىنى ھۆددىگەرلىكنىڭ ھەر خىل تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەرەپكە قويۇشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تارقىتىش تۈزۈمىنى، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى ۋە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى ياكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ بېكىتىشى لازىم. ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ تۈزىتىش لازىم. مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە ۋە ياخشى ئۇسۇللارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە نامايەن قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنغان، «بەشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش» مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇش. ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى راۋاجلاندۇرۇش — يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەلىپى. ئاپتونوم رايونىمىز بۇ جەھەتتە ئۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، مەلۇم ئاساسىمۇ ئىگە بولدى ھەمدە

«بەشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش» نى مۇھىم مەزمۇن قىلغان ئاساسىي ئەندىزىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. لېكىن مۇلازىمەتنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەنىلا يېتەرسىز بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنىڭ تەلىپىنى يەنىلا قاندۇرالمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشقا نىيەت باغلاپ، ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا قىلىپ كېتەلمەيدىغان، ئەمما قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنى بېجىرىپ، يېزىلاردىكى قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا قۇرۇش لازىم.

يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، سىياسەتكە، ئىككىنچىدىن، ئىلىم - پەنگە، ئۈچىنچىدىن، مەبلەغ سېلىشقا تايىنىلىدۇ. پەن - تېخنىكا ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىشتىكى غايەت زور ستراتېگىيىلىك قاچىش ۋە تەدبىر بولۇپ قالدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن ئۈدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار پەن - تېخنىكىغا تايىنىشنىڭ تاتلىق نېمەتلىرىنى تېتىدى. «7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا «ئۈچقۇن» ى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تۇتىشىپ غايەت زور گۈلخانغا ئايلاندى. بەش يىل ئىچىدە مەھسۇلات قىممىتى شىددەت بىلەن ئېشىپ، 400 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. بۇلار پەن - تېخنىكىنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوقۇم «پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش» نى قەتئىي ئىشىنىپ ئىدىيە قىلىشىمىز، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى مانا مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت قاناتقا ئىگە بولغاندىلا، چەزمەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

تۆتىنچى، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى تەدرىجىي زورايتىش كېرەك. ئالدىنقى يىللاردا يېزا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقتىن، تۇرغۇنلىغان جايلاردا پارتىيىنىڭ يېزا سىياسەتلىرىنى چۈشىنىش جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىك مەۋجۇت ئىدى. بەزى جايلاردا پەقەت ئائىلىۋى تارقاق ئىگىلىككە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، «تارقاق» بولۇش ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىنىپ، «بىر تۇتاش» بولۇشنىڭ ئىقتىدارىغا سەل قارالغانلىقتىن، كوللېكتىپ ئىگىلىك ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرىدى، ھەتتا ئايرىم جايلار كوللېكتىپ مۈلكىنى تەقسىم قىلىۋېتىپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى خۇددى بىر قۇرۇق «ئىدىش» قا ئايلاندۇرۇپ قويدى. لېكىن ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى يولغا قويۇشتا، ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا قىلىپ كېتەلمەيدىغان ئىشلارنى پەقەت كوللېكتىپنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە تايانغاندىلا ئاندىن قىلغىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەتمۇ كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى بىر قەدەر كۆپ ساقلاپ قالغان جايلاردا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى ۋە كوللېكتىپقا پايدىلىق بولغان بىر قىسىم ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى؛ ئەكسىچە كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كەمچىل بولغان جايلارنىڭ بۇ خىل ئىشلارنى ئېلىپ بېرىشتا «ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق» دېگەندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئىسپاتلىدى.

كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىشنىڭ ئۇسۇل ۋە يوللىرى ناھايىتى كۆپ، بىزنىڭ يۈرەكلىك ھالدا ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئىلگىرىكىدەك «ھەممىنى ئۆز ئالدىغا دۈۋىلىۋالىدىغان» ۋە

«بىرىنچىدىن تەكشۈرۈش، ئىككىنچىدىن يۈرگۈزۈش» تەك مەسىلەرنى قەتئىي سادىر قىلماسلىقىمىز، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا بۇ ئىشنى ياخشى قىلىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈرتكىگە ئايلاندۇرۇپ، يېزا-كەنت يېزىلارنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

## ئۈرۈمچى ناھىيىسى يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇلتۇر قىش، بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ، ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جەرياندا، جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا، سوتسىيالىستىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق يېزىلاردىكى بازىلارنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جىددىي ۋەزىپە بولۇپ، ئۇ، يېزىلاردىكى ئىسلاھات مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش، يېزىلاردىكى ئىگىلىكنى ئىزچىل، مۇقىم راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەت بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى مەقسەت قىلىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى ۋە كاپالەتلىك قىلىشىغا موھتاج. ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ ۋە كىچىك كىلىماتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى، بەزى جايلاردا بەكمۇ ئېغىر بولدى. جايلاردا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، «بىر قولدا قاتتىق، بىر قولدا يۇمشاق بولۇش» ھادىسىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. بەزى جايلاردا، دېھقان، چارۋىچىلارغا بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئۈزۈلۈپ قالغاندەك ئىشلەنمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق كۆز قارىشىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە، قىمار، فېئودال - خۇراپاتلىق، كونا قائىدە - يوسۇنلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە، دىنىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا مەمۇرىيەت، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئايرىم جايلاردا ھەتتا ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرى ئاشلاپ قويۇلغانلىقتىن، ھەر خىل خاتا ئىدىيە، يامان كەيپىياتلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، قوترىتقۇلۇق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، بۇنىڭ

بىلەن ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، بولۇپمۇ يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە دىققىتىنى قوزغىماي تۇرالمايدۇ. بىز يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. جايلار يېزىلاردىكى خىزمەتلەرنى تۇتقاندا، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قارىماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ، ھازىر دېھقان، چارۋىچىلارغا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جايلاردا، مۇكەممەل، تۇراق مۇددەتلىك پىلان بولۇشى، ھە ـ ھۇ دەپلا ئىشنى تۈگىتىۋەتمەسلىكى لازىم. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا خالىغانچە ئىشلەپ، ماسلاشماي قېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئىلگىرىكى ساۋاقلارنى چوقۇم قوبۇل قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يۇمشاق ۋەزىپە دەپ قارايدىغان خاتا قاراشنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يادرونى چۆرىدىگەن ھالدا، دېھقان، چارۋىچىلارغا بولغان تەربىيىنى ئالاھىدە ياخشى تۇتۇپ، بەزى ئادەملەردە ساقلىنىۋاتقان مۇجمەل قاراشلارنى تۈگىتىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پارتىيىگە ئەگىشىپ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىر قەدەر كۆپرەك، تەسىرى كەڭرەك بولغان جەھەتلەردە زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىش كېرەك، بولۇپمۇ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، ياخشى پارتىيە ئىستىلى ئارقىلىق خەلق ئىستىلىنى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەش لازىم. مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بەزى كادىرلارنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان، خىيانەت قىلغان، پارا ئالغان ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، چىرىكلىكنى قەتئىي تۈگىتىپ، پارتىيىمىزنىڭ دېھقان، چارۋىچىلار ئارىسىدىكى يۈكسەك ئىناۋىتىنى تىكلەش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، دېھقان، چارۋىچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، پۇختا، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. جايلار يېزىلاردا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، دېھقان، چارۋىچىلارنى مۇجمەل كۆز قاراشلار ۋە تۆشتاق دېھقان ئېڭىنى تۈگىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشقا، ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىپ، ئىلىم ـ پەننى ئىشلىتىپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم؛ دېھقان، چارۋىچىلارغا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسىتىنىڭ تۇراق مۇددەتلىكلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى خاتىرجەم باشقۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان يولغا قويۇپ، كوللېكتىۋىزملىق كۆز قاراشنى تىكلەپ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى ئاكتىپ قوغداش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ دېھقان، چارۋىچىلارغا فېئودال خۇراپاتلىق ۋە بەزى رەزىل ھادىسىلەرنىڭ زىيىنىنى تونۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق تونۇش، بىر تۇچۇم ئەكسىيەتچى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى كۈرەش قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتى قوشۇنىنىڭ

قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئادەم تۇتىدۇ. يېزىلاردا كەڭ كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىدىيە - مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايانغاندىلا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ۋەزىپىلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. جايلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتىدىغان كادىرلار قوشۇنىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، قابىلىيەتلىك كادىرلارنى ھەر قايسى ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇشى، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنى دەرھال تەڭشىۋېتىشى لازىم. دەرۋەقە، بۇ قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۇلارنى خاتىرجەم ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۆگىنىش، تەربىيەلەش، ئىدىيە - مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە تۇرمۇش جەھەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش كېرەك. بىر مەزگىل تىرىشىش ئارقىلىق، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، كادىرلار، ئاكتىپلار تايانچ قىلىنغان، سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتە ياخشى بولغان، كەسىپكە پۇختا بولغان، ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان، ئىستىلى توغرا بولغان، سىياسىي خىزمەت خادىملىرى بىلەن ئامما بىرلەشكەن مەنىۋى مەدەنىيەت كادىرلار قوشۇنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش لازىم.

ئۈتنىچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تورىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. جايلار بىر تۇتاش پىلان تۈزۈش شەرتى ئاستىدا، ئىدىيە، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۈزبېلى، كىنو قويۇش سورۇنلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇشى لازىم، شەرت - شارائىتى بولغان جايلار دېھقانلار كۇلۇبىنى سىناق قىلىپ قۇرۇشى، ساغلام، مەدەنىيەتلىك، مول مەزمۇنلۇق، جانلىق، تېتىك مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇشى لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر خىل مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق ماتارىپ بازىسىنى ئىگىلەپ، بۇرژۇئا ئىدىيىسى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئورۇن ئېلىشىغا ھەرگىز پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. يېزا قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ياخشى ئىستىل ۋە كەيپىيات يارىتىش لازىم. بۇ جەھەتتە، جايلار باشقا جايلارنىڭ ياخشى تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئوبدان چارە ۋە ئوبدان شەكىللەرنى بەرپا قىلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم ئورنىتىپ، تور شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق بولغاندىلا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىگىلى، ئۇنى ساغلام راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. (يۇقىرىقى ئىككى لېكسىيىنى شيەن مىڭلى يازغان)

(بېشى 8 - بەتتە)

ئون يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ پروگراممىسى لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ.

ئومۇمىي يىغىن بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە خەلق قوراللىق كۈچلىرى، دېموكراتىك

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ سىشۇ كۆپ قېتىم ليۇداۋان كۆمۈر كېنى[illegible] ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۈرلۈك سۆھبەت [illegible] تەكشۈ[illegible] تەتقىق ئېلىپ باردى، نەق مەيداندا ئىش بېجىردى ۋە كاننىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل [illegible] بەردى. [illegible]نىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدە ئۆتكەن يىلى بۇ كاندا ئالتە كورپۇس ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىندى، 100 [illegible] ئىشچى - خىزمەتچىلەر خەتەرلىك ئۆيلەردىن يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈلدى. ئىشچىلار [illegible] «بىزنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئۆيلەردە ئولتۇرۇشىمىز پەقەت كومپارتىيىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سوتسى[illegible]نىڭ يا[illegible] ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ» دېيىشتى.

جاڭ يەنجۇن، لى يۈگۇاڭ خەۋىرى ۋە فوتوسى





◄ جاڭ سىشۇ كۆمۈر كان قۇدۇقىدا.

▲ جاڭ سىشۇ خەتەرلىك ئۆيلەرنى تەكشۈرمەكتە.

▼ جاڭ سىشۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن ئىشچىلارنى يوقلىدى.





# كومپارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ سۆپه‌ت جه‌هه‌تتىن ته‌رببىيلىنىشى توغرىسىدا يۈزه‌كى قاراشلىرىم

غاپپار نىياز

كىشىله‌رنىڭ ئىدىيۆى - ئه‌خلاقى سۆپىتى ۋه په‌ن - مه‌ده‌نىيه‌ت سۆپىتىنى ئۆستۈرۈش — سوتسىيالىستىك مه‌نئۆى مه‌ده‌نىيه‌ت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋه‌زىپىسى. كىشىله‌رنىڭ سۆپىتىنى ئۆستۈرۈشته كومپارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ سۆپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ۋه ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن پارتىيه ئه‌زالىرى سۆپىتىنىڭ پارتىيه قۇرۇلۇشىدا تۇتقان مۇھىم ئورنى ئۈستىده توختىلىپ: «قۇرۇق نامى بار، ئه‌مه‌لىيتى يوق پارتىيه ئه‌زالىرىنى بىكارغا به‌رسىمۇ ئالمايمىز. دۇنيادا پارتىيىمىزده‌ك ھاكىمىيه‌ت بېشىدىكى پارتىيه — ئىنقىلابىي ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسىلا پارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ سانىنى قوغلاشمايدۇ، به‌لكى ئۇلارنىڭ سۆپىتىنى ئۆستۈرۈشكه ۋه پارتىيه ئىچىگه كىرىۋالغان كىشىله‌رنى تازىلاشقا ئه‌ھمىيه‌ت بېرىدۇ» ده‌پ كۆرسه‌تكه‌ن ئىدى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيه 13 - نۆۋه‌تلىك مه‌ركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا: «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كۈچى ۋه رولى، ئاساسلىقى، پارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ سانىدا ئه‌مه‌س، سۆپىتىده» ده‌پ كۆرسه‌تتى. يولداش چېن يۈن: «پارتىيه ئىستىلىنى توغرىلاشنىڭ ئاچقۇچى — پارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ سۆپىتىنى ئۆستۈرۈشته» ده‌پ كۆرسه‌تتى. بۇ باياناتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كومپارتىيه ئه‌زالىرى سۆپىتىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيىنىڭ خه‌لق ئاممىسى بىله‌ن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى، پارتىيه ئىستىلىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋه‌ن بولۇشىغا، قىسقىسى، پارتىيىمىز رەھبه‌رلىك قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غه‌لىبه قىلىش - قىلالماسلىقى، ھه‌تتا پارتىيىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋه‌تلىك زور ئىش.

«سۆپه‌ت» دېگه‌ن سۆز ئه‌سلى مه‌نىسىدىن ئېيتقاندا، كىشىله‌رنىڭ سه‌زگۈ ئه‌زالىرى ۋه روھىي سىستېمىسى جه‌ھه‌تله‌ردىكى تۇغما پىسخىك خۇسۇسىيىتى دېگه‌ن مه‌نىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى جه‌مئىيىتىمىزده «سۆپه‌ت» دېگه‌ن سۆز كه‌ڭ مه‌نىنى بىلدۈرىدۇ، كه‌ڭ مه‌نىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ كىشىله‌رنىڭ ئه‌قلاقىي - په‌زىلىتى، خاراكتېرى، ئىرادىسى، بىلىمى، ئېتىقادى، ئىقتىدارى، ھه‌ۋىسى، خىسلىتى ۋه جىسمانى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. كومپارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ سۆپىتى بولسا مۇنداق ئىككى مه‌زمۇننى يه‌نى، بىرىنچىدىن، پارتىيه ئه‌زالىرىدا بار بولغان، ئۇلارنى باشقا ئاممىدىن په‌رقله‌ندۈرۈپ تۇرىدىغان پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى، ئىككىنچىدىن، سىياسىي، ئىدىيه، مه‌ده‌نىيه‌ت ۋه كه‌سپىي جه‌ھه‌تله‌ردىن ھازىرلاشقا تېگىشلىك شه‌رتله‌رنى ئۆز ئىچىگه ئالىدۇ. پارتىيه ئه‌زالىرى بىر قه‌ده‌ر يۇقىرى سۆپه‌تنى ھازىرلىغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ رولى تولۇق جارى بولغان، پارتىيه ته‌شكىلاتلىرىنىڭ جه‌ڭگىۋارلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچه‌يگه‌ن بولىدۇ. ئۇنداقتا، پارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ سۆپىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش كېره‌ك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، «پارتىيه پارتىيىنى باشقۇرۇش»، «پارتىيىنى قاتتىق ئۈزه‌ش» فاڭجېنىغا ئاساسه‌ن، ئۆزئۆزۈم قۇرۇلۇشىغا تايىنىش يولى بىله‌ن پارتىيه ئه‌زالىرىغا بولغان ته‌رببىيه، باشقۇرۇش، نازاره‌تنى كۈچه‌يتىپ، ئۇلارنىڭ سۆپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن باشقا، كه‌ڭ پارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ سۆپه‌ت جه‌ھه‌تتىن ته‌رببىيلىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچه‌يتىش كېره‌ك.

«ته‌رببىيلىنىش» دېگه‌نده، ماركسىزملىق مه‌يدان، نۇقتىئىنه‌زه‌ر ۋه ئۇسۇل يېته‌كچى قىلىنغان ئۆزىنى ئۆزى چېنىقتۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى ته‌رببىيله‌ش، ئۆزىنى ئۆزى تولۇقلاش، ئۆزىنى ئۆزى

پارتىيىنىش جەريانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە، پارتىيىمىز ئىچىدىن چىققان ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىزگە بۇنداق تەربىيىلىنىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. كومپارتىيە ئەزالىرى ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ، سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەلەپنى ئورۇنداشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك:

1. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئۆزىمىزنى تەربىيىلىنىش ۋە ئۆزگەرتىش ئوبيېكتى دەپ قارىشىمىز كېرەك. كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئورۇن ئالغان ھەر قانداق بىر كىشى ئۆزىنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسى بولدۇم، دەپ پەخىرلەنمەي قالمايدۇ. لېكىن پارتىيىگە كىرىشتە «ئومۇمەن پارتىيىگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلىدى» دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئاۋانگارت جەڭچى بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىدى، تامامەن لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولدى، دېگەنلىك ئەمەس. پارتىيىنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسى پارتىيە تەشكىلىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن كۈندىن باشلاپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئۈزلۈكسىز چېنىقىش ۋە تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمىزمۇ ئۆزگەرتىپ، پرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك پاكلىقنى تولۇق يېتىلدۈرۈش ۋە ساقلاشقا، ئىنقىلابىي ئىرادىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۇستۇرۇشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئاخىرقى چەككە يەتتىم دەپ، تەربىيىلىنىش ۋە ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

2. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنىڭ نېگىزى — پارتىيىۋىلىك تەربىيىلىنىشتىن ئىبارەت. پارتىيىۋىلىك — كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جېنى، پارتىيە ئەزاسى سۈپىتىنىڭ تۈپ ئاساسى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتى، ئىدىيىۋى سۈپىتى، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى سۈپىتى، كەسپىي بىلىم سۈپىتى، تەشكىلىي - ئىنتىزام ۋە ئىستىل سۈپىتى قاتارلىقلار بولسا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنىڭ ئەمەلىيەتتە داۋامىدا كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى. پارتىيىۋىلىك تەربىيىلىنىش ماركسىزم نەزەرىيىسى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى، پرولېتارىياتلىق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى؛ جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى؛ تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىن تەربىيىلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشتە، پرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكىنى تەربىيىلىنىشنىڭ ئاساسىي قىلىپ، باشتىن - ئاخىر قەتئىي بوشاشماي چېنىقىپ، ئۆزىمىزنى داۋاملىق ئۇستۇرۇشىمىز لازىم.

3. كومپارتىيە ئەزالىرى سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشتە، ئۆزىمىزگە قاتتىق ئۆلچەم، يۇقىرى تەلەپ قويۇشىمىز كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئوخشىمايدۇ. كومپارتىيە ئەزاسى ھەم ئادەتتىكى ئادەم، ھەم ئادەتتىكى ئادەملەر ئارىسىدىكى ئاۋانگارت جەڭچى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەربىيىلىنىشكە يۇقىرى تەلەپ قويۇشى كېرەك. چۈنكى، بىرىنچىدىن، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزىنى ئۆزى چېنىقتۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى ئۆزگەرتىدىغان، پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئارقىلىق كاللىسىدىكى پرولېتارىياتقا يات ئىدىيەلەرنى تۈگىتىدىغان، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىدىغان بىر خىل تەربىيىلىنىش، شۇنداقلا تىرىشىپ لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش يولىدىكى تەربىيىلىنىش.

ئىككىنچىدىن، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىنىشى ئىنقىلابىي نەزەرىيە يېتەكچىلىكىدە ئەمەلىيەت بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش يولىدىكى تەربىيىلىنىش بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك ئىنقىلابىلىقىقا ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىشىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىش مەيدانى، مەزمۇنى ۋە يولى سىياسەت مۇئەييەنلىكىگە ئىگە. شۇنداق بولغاچقا، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى تەلەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

4. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىش دائىرىسى كەڭ بولۇشى كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن بۈگۈنكى كۈندە، كومپارتىيە ئەزالىرى يېڭى - يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىشكە، ئۇنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ هال كومپارتىيە ئەزالىرىدىن كوممۇنىستىك ئېتىقادىنى چىڭتىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئورغۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلغار پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش، ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كومپارتىيە ئەزالىرى قەتئىي سىياسىي مەيدان، توغرا ئۇقتىشنەزەر، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، چوڭقۇر پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، يۈكسەك ئەخلاق ۋە خىسلەت، توغرا قانۇن - ئىنتىزام قارىشى، كۈچلۈك خىزمەت ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى هازىرلىشى كېرەك. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەربىيىلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەربىيىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شانلىق ئوبرازىنى يارىتىشى لازىم.

5. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىش مەقسىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. يەنى ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش تەربىيىلىنىشنىڭ مەقسىتى بولۇشى كېرەك.

قىسقىسى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى، ئىدىيىۋىلىكى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ پارتىيە ئەزالىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە ئەزالىرى ئۆلچىمى بويىچە ئاڭلىق باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز تەربىيىلىنىش داۋامىدا، پرولېتارىياتلىق پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى باتۇرلۇق بىلەن تۈزىتىپ، سۈپىتىمىزنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ، لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

(بېشى 44 - بەتتە)
بىر كومپارتىيە ئەزاسى، پارتىيىنىڭ كادىرى، ئەرزلەرنى ھەل قىلىش مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، ماڭا سوۋغا كېرەك ئەمەس، پارتىيە ئىستىلى كېرەك؛ دەپ ئۇلارنىڭ پۇلىنى كەسكىنلىك بىلەن قايتۇرۇپ، ھەقىقىي كومپارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالىيجاناپ پەزىلەتنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يەنە بەش قېتىملىق سوۋغاتنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئامما ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

يولداش ھېيىت تۇرسۇن 1984 - يىلىدىن بۇيان، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىغا قاراشلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنمۇ قوشۇمچە ئىشلەپ، خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ياچېيكا ئىككى قېتىم ئىلغار ياچېيكا، ئۆزى ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپ ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. ھېيىت تۇرسۇننى خىزمەتداشلىرى ھەر يىلى ئاخىرىدا خىزمەت ئىلغارلىقىغا كۆرسەتكەندە، ئۇ شان - شەرەپنى يولداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئىنسانىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ ئەلگە قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يولداش ھېيىت تۇرسۇن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەش داۋامىدا، خىزمەتلەرنى چىن كۆڭلىدىن بېرىلىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلق ئۇنىڭغا يۇقىرى شان - شەرەپ بەردى.

# ئۇ مۇقىملىق ئۈچۈن تۆھپە قوشتى

—— ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئابدۇرىشىت ئوسمان توغرىسىدا

لى شىنكې

ئۆتكەن يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ج خ مىنىستىرلىكى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئابدۇرىشىت ئوسماننى 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تەنگە ئالدى.

ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىدە ئابدۇرىشىت ئوسمان ئۆزى بىۋاستە بىرىنچى سەپكە بېرىپ قوماندانلىق قىلىپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە مول كۈرەش تەجرىبىسى بىلەن ھەر خىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

## ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ، توغرا قوماندانلىق قىلىش

ئۆتكەن يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىر كىچىك تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن كۆك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئايروپىلاندا ئابدۇرىشىت قاتارلىق ئالتە كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ئولتۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆتكەن يىلى بۇيرۇققا بىنائەن 2 - قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ ئۇچۇشى ئىدى، ئايروپىلان بەش سائەت ئۇچۇپ كەچ سائەت سەككىزدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر — قەشقەر ئايرودرومىغا قوندى.

بۇ ۋاقىت دەل ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەن، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ۋاقىت بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار قورال - ياراق بۇلىغان، كادىر - ساقچىلارنى تۇتۇپ باغلىغان ھەمدە يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ئىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرىشىت ئوسمان توپىلاڭنى تىنجىتىش قوماندانلىق باش شتابىغا دەرھال ئاقتۇ ناھىيىسىگە بېرىپ توپىلاڭنى تىنجىتىشقا قوماندانلىق قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ قوراللىق ساقچى كوماندىر - جەڭچىلىرىنى باشلاپ ئۇچقاندەك تېز سۈرئەت بىلەن ئاقتۇ ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. يۈزگە يېقىن ج خ كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە يەرلىك كادىرلارنىڭ توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا قورشىۋېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇرىشىت ئوسمان كەسكىنلىك بىلەن قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى ئىبزىزغا قوشۇن باشلاپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ياردەم بېرىش بۇيرۇقىنى بەردى.

ياردەم بەرگۈچى قوشۇن تېزلا ئاتلاندى. لېكىن بۇ قوشۇن بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان قىزىل كۆۋرۈككە يېتىپ كەلگەندە، توپىلاڭچىلارنىڭ غالجىرلارچە توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. ئارتۇقچە بەدەل تۆلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرىشىت ئوسمان قىسىمغا دەرھال قولايلىق جاينى ئىگىلەش، ئاندىن چىغىر يول بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلەش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى، مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ ئىبزىز مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرىشىتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كۆزچىلۈكلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئاجىزلىرىغا زەربە بېرىش تۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قىسىمنى باشلاپ تېزلىكتە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېقىنلىشىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي

توپىلاڭچىلارنىڭ سىبىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراتقان ھۇجۇمىنى توستى. تۈن كېچىدە، توپىلاڭچىلار ئۆزلىرى ئىگىلىۋالغان قۇلايلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا ئوت ئاچتى، گىرانات تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا تەمسس قىلىنغان توپىلاڭنى تىنچىتىش قوماندانلىق شتابىدىكى خادىملار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر دەرىجىدە تەھدىتكە ئۇچرىدى. ج خ كادىر - ساقچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرى دەرغەزەپكە كېلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا، مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرىشىت ئوسمان قوماندانلىق باش شتابىنىڭ يول - يورۇقىغا ئاساسەن، ئېغىر - بېسىقلىق، سوغۇق قانلىق بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ج خ كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن ئۆزىنى ئۇتتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشنى، قايمۇقۇپ ئالدانغان ئاممىنى تەربىيەلەشنى، ئاز ساندىكى ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالماي جاھىللىق بىلەن قارشىلاشقان توپىلاڭچىلارغا قارىتا، ئۇلار پەقەت خادىملىرىمىزنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالغاندىلا ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشنى، ئەمما ئاممىنى بىھۇدە زەخمىلەندۈرۈپ قويماسلىقنى" تەلەپ قىلدى. يولداش ئابدۇرىشىتنىڭ قوماندانلىقىدا، بىرىنچى سەپتە كۆرەش قىلىۋاتقان خ ج كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرى توپىلاڭچىلار بىلەن قەيسەرلىك بىلەن تىغمۇ - تىغ كۆرەش قىلىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، بىرمۇ ئاممىنى بىھۇدە زەخمىلەندۈرمەي، توپىلاڭنى تىنچىتىش كۆرىشىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەھەردە، ئەسەبىيلەشكەن توپىلاڭچىلار مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا 2 - قېتىم ھۇجۇم باشلىدى. مىلتىق، گىرانات، پارتلاتقۇچ بومبىلارنىڭ ئاۋازى بارىن يېزىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا قورشىۋېلىنغان قوماندانلىق شتابىدىكى بەزى يولداشلار: ھازىر ۋەزىيەت جىددى، قورشاۋدا قالغان خادىملار دەرھال قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، باشقا جايغا يۆتكىلىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرىشىت ئوسمان بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىدى. ئۇ: «ھازىر توپىلاڭچىلار دالدىدا، قولىدا قورال، گىرانات بار، بىز تەرەپتىكىلەر بولسا ئوچۇقچۇلۇقتا، ئەگەر قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولساق، دەل ئۆزىمىزنى توپىلاڭچىلارنىڭ ئوقىغا تۇتۇپ بېرىمىز - دە، بىھۇدە چىقىم تارتىۋالىمىز، شۇنداق ئىكەن، ھازىر پەقەت بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا قورشىلىپ قالغان بارلىق خادىملار كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ باتۇرانە كۆرەش قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى چۆچەپ تۇرۇشى، تاڭ يورۇشى، چوڭ قوشۇن يېتىپ كېلىشنى كۈتۈپ تۇرۇشى، ئاندىن بۇ بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىشى ۋە قولغا چۈشۈرۈشى كېرەك» دېدى. قوماندانلىق باش شتابى ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا قورشىلىپ قالغان قوماندانلىق شتابىدىكى بارلىق خادىملار ۋە ج خ كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، توپىلاڭچىلارغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلدى.

## ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا ئىشلەش

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 9 دا، توپىلاڭنى تىنچىتىش كۆرىشى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. مىلتىق ئاۋازى تېخى پۈتۈنلەي ئۆچمىگەن ۋاقىتتا، مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرىشىت توردىن چۈشۈپ قالغان بىر قىسىم توپىلاڭچىلارنىڭ يوشۇرۇن ئېتىۋاتقان ئوقلىرىغا پىسەنت قىلماي ماشىنا بىلەن بارىن يېزىسىدىكى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ كۆرەشكە قاتناشقان كادىر - ساقچى ۋە كوماندىر - جەڭچىلەردىن سەمىمي ھال سورىدى، كېيىنكى

خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇردى.

تويىلاڭ ئىنچىتىلغاندىن كېيىن، بارىن يېزىسىدا دۈشمەن ئەھۋالى يەنىلا ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى، تۈرلۈك خىزمەتلەر ئالدىراش، ۋەزىپە ئېغىر ئىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، تويىلاڭچىلارنى يىغىشتۇرۇش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەكشۈرۈپ دەلىل - ئىسپاتقا ئېرىشىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى ئورۇنلاشتۇراتتى. يولداش ئابدۇرېشىت ئوسمان ئۇدا ئۈت كېچە - كۈندۈز ئۇززۇكرەك دەم ئالماي ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتكەنلىكتىن قىزىلسۇ مېھمانخانىسىدا قولىدا ئىستاكاننى تۇتقىنىچە كرېسلودا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قېلىپ، قولىدىكى ئىستاكانىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كۈكۈمتالقان بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدۇ.

تويىلاڭ ئىنچىتىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى سوراق ھەقىقەتەن جاپالىق ھەم ئىنچىكە خىزمەت. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە تويىلاڭنى ئىنچىتىش قوماندانلىق باش شتابى بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرېشىتقا تاپشۇرۇشنى قارار قىلدۇ.

تويىلاڭچىلارغا قارىتىلغان دەسلەپكى سوراقنى ئەلۋەتتە كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرېشىت يەنە ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى، ئاقتۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ دەسلەپكى سوراقنى لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە ئۆزى بىۋاستە دەسلەپكى سوراق تىزىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، دەسلەپكى سوراقتا قاتنىشىدىغان خادىملارنى تەرتىپكە سېلىپ، دەسلەپكى سوراق خىزمىتىنى ھالقىمۇ - ھالقا، بالداقمۇ - بالداق قانات يايدۇردى. دەسلەپكى سوراق خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۇ ھەم قوماندان، ھەم جەڭچى بولۇپ، شەخسەن ئۆزى غوللۇق تويىلاڭچىلارنى سوراق قىلىپ ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقتى. ئۇنىڭ سەپىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئۈلگە كۆرسىتىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى دەسلەپكى سوراق خىزمىتىگە قاتناشقان يولداشلارغا غايەت زور ئىلھام بولدى، دەسلەپكى سوراق خىزمىتىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

## ئۆمۈمنى دەپ ئۆزىنى ئۇنتۇش، ئۆمۈملۈققا بويسۇنۇش

ئابدۇرېشىت ئوسمان — پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر، ئۇنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە مەيدانى ئىنتايىن ئوردە مۇستەھكەم بولۇپ كەلدى، ئۇ كۆپ قېتىم ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرى ۋە غەۋغالارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلدى. ئۆتكەن يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر قانچە خۇسۇسىي مەدرىستىكى 200 دىن ئارتۇق تالىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئىشنى تېخىمۇ ئۇلغايتماقچى بولدى. مۇئاۋىن نازىر ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، دەرھال ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قەشقەر دەل ئۇنىڭ يۇرتى بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى. قەشقەردە بىر نەچچە سائەت تۇرسىلا ئانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشكىلى بولاتتى، لېكىن، ئۇ غەۋغانى توسۇپ قېلىش ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىش، شەخسىي ئىش جەزمەن ئۆمۈملۈققا بويسۇنۇشى شەرت دەپ ئويلايدۇ - دە، ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ساكراتتا ياتقان ئانىسىنى كۆرۈشكە بارماي، ئايالى ئۈت كېسىلى بىلەن بالنىستا يېتىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكىنىمۇ ھېچ كىمگە ئىنماي، پەقەت تېلېفون ئارقىلىقلا ئايالىغا يەنە بىر مەزگىل بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇشنى ئېيتىدۇ. كېيىن نازىر دۇڭ ياڭيۇ ئۇنى ئۈرۈمچىگە قايتىشقا قايتا - قايتا دالالەت قىلسىمۇ ئۇ: «ھازىر دەسلەپكى سوراق خىزمىتى ھالقىلىق باسقۇچقا ئۆتتى، مەن ئايرىلالمايمەن» دەيدۇ.

## ۋاقتىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئادەم

لوپ ناھىيە دول يېزىلىق بىرلەشمە ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى سىيىدىماخمۇت خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ئىلىم - بىرىمدە ئادىل، ھېساباتتا ئېنىق، مۇلازىمەتتە قىزغىن بولۇپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندۈرۈپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنى ئېشىنغان پۇللىرىنى بانكىغا ئامانەت قويۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، يىلمۇ - يىل ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئۇ 1990 - يىللىق ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى 5 - ئايغىچە ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن قىلچىمۇ بوشاشماي كەتمەي تىرىشىپ ئىشلەپ، 1991 - يىللىق ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنىمۇ 1990 - يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىغىچە 370 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، شۇ يىللىق 256 مىڭ يۈەن ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن 14 ئاي بۇرۇن 114 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇنداشتەك يېڭى نەتىجە ياراتتى. ئۇ يەنە پۇلغا ئېھتىياجى بار دېھقانلارغا 220 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ بېرىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. سىيىدىماخمۇت ھازىر نەتىجە ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلانماي، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، يەنىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، ۋاقتىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، 1992 - يىللىق ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشماقتا.



نۇر مەھەممەت مەخمۇت

• گۈل ۋە تىكەن • • گۈل ۋە تىكەن • • گۈل ۋە تىكەن •

## ئابلىمىت قاسىمغا پارتىيىدە بىر يىل قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلدى

قەشقەر شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ئابلىمىت قاسىم ئۆزىنىڭ بىر رەھبىري كادىر ۋە كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىدەك سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە قانۇنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى ھەمدە پارا ئالغانلىقى ئۈچۈن، بۇلتۇر قەشقەر شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇنىڭغا پارتىيىدە بىر يىل قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بەردى. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۇنى خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

ئابلىمىت قاسىم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىش ئورنىغا ھوقۇقنى جان بېقىش ۋە بېيىشنىڭ دەستۇرى قىلىپ، ئومۇمنىڭ 266 يۈەن 60 پۇڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغان؛ ئۇ يەنە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلاردىن 525 يۈەن پارا ئالغان. ئۇنىڭ خىيانەتچىلىك ۋە پاراخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغانلىق مەسىلىسى سېزىلگەندىن كېيىن، تەشۋىقاتلىق بىلەن خاتالىقىنى تونۇپ مەسىلە تاپشۇرۇش ۋە زاڭ پۇلىنى تەشكىلگە تاپشۇرۇشنىڭ ئورنىغا، مەسىلە پاش قىلغۇچىغا تەھدىت سالغان ۋە زەربە بېرىپ ئۆچ ئالغان.



تەلەت

• گۈل ۋە تىكەن • گۈل ۋە تىكەن • گۈل ۋە تىكەن •

## قالدۇق قۇۋۋەتتىن كۈچ ھاسىل قىلىش

مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزا چار ئالدى 10 - كەنت 2 - مەھەللىدىكى سابىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىسمايىل ئىمىن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قالدۇق قۇۋۋەتتىن كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. ئۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى «تۆڭگۈز باش» دېگەن جاڭگالدىن 30 مو يەرنى دائىرىگە ئېلىپ توغراق يېتىشتۈردى ھەمدە ھەر يىلى بۇ توغراقلاردىن 400 تۈپتىن 1000 تۈپكىچە توغراققا تېرەك ئۇلاپ، ھازىرغا قەدەر 4250 تۈپ تېرەكنى قاتارغا قوشتى، 2500 تۈپ توغراقنى ماتېرىيال ئورمىنى قىلىپ يېتىشتۈردى.



ئىسمايىل ئىمىن چۆللۈكتە بوزيەر ئېچىپ توغراق ۋە تېرەك يېتىشتۈرۈپ سۈپەتلىك ماتېرىيال ئورمىنى ئەھيا قىلغاندىن كېيىن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە 316 تال ياغاچ ۋە يادرا ياردەم قىلدى؛ كوللېكتىپنىڭ 20 مو يەردىكى توغرىقىغا تېرەك ئۇلاپ بەردى؛ شەخسلەرنىڭ 6500 تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلىرىنى ھەقسىز ئۇلاپ بەردى. ئۇ ھازىر ئەتراپتىكى تاشلاندۇق يەرلەردىن پايدىلىنىپ ئورمان كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ئوسمانجان ئابدىرېشىت، ئەخەت ئېلى

• گۈل ۋە تىكەن • گۈل ۋە تىكەن • گۈل ۋە تىكەن •

## مەھەممەت ئىبراھىم پارتىيىدىن چىقىرىلدى

قاغىلىق ناھىيە چاسمىچىت يېزا 1 - كەنت 3 - مەھەللىنىڭ باشلىقى مەھەممەت ئىبراھىم پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، قايتا - قايتا بېرىلگەن نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي، ئوغرىلىق قىلغانلىقى ۋە ئىستىلدا چىرىكلەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆتكەن يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا 15 يىللىق قاماق جازاسى بەردى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلدى، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇنى پارتىيىدىن چىقاردى.



مەھەممەت ئىبراھىم ئىلگىرى كوللېكتىپنىڭ 755 يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغانلىقى ۋە ئىستىلدا چىرىكلەشكەنلىكى ئۈچۈن، 1987 - يىلى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن پارتىيە ئىچىدە بىر يىل قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلگەن ئىدى. لېكىن ئۇ تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، 1989 - يىلى ئىككى نەپەر ئوغرى بىلەن شېرىكلىشىپ مەلۇم ھەربىي قىسىمنىڭ ئامبىرىغا كىرىپ، 31 مىڭ 856 يۈەن قىممىتىدىكى 27 دانە يۇقىرى بېسىملىق پار قازىنى ۋە 23 دانە پار قازان ئۆۋۈقىنى ئوغرىلاپ، ئۇنىڭدىن 21 مىڭ 824 يۈەن قىممىتىدىكى مۈلۈكنى ئۆزىگە بۆلۈۋېلىپ ساتقان. ئۇ، ئوغرىلىغان زاڭ مال بىلەن ئۇ - تولۇپ، 13 مىڭ 112 يۈەن قىممىتىدىكى زاڭ مال ۋە پۇل قايتۇرۇۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلمىشى قەبىھ، دۆلەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى ئېغىر، ئامما ئارىسىدا پەيدا قىلغان تەسىرى ئىنتايىن يامان بولغان.

سىدىق تۇردى



# ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى ئەلگە قوشقان تۆھپىسىدىن كەلگەن

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز

ئەرزىيەت خىزمىتى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىشلىنىدىغان ئىنتايىن ئىنچىكە ھەم مۇھىم خىزمەت. ئەرزىيەت سېپىدە ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس. يولداش ھېيت تۇرسۇن ئەرزىيەت سېپىدە ئىشلىگەن يەتتە يىلدىن بۇيان، ياراتقان ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، كۆپ قېتىم ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە، ئەرزىيەت باشقارمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەندىن سىرت 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەرزىيەت سېپىدىكى نەمۇنىچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ، قانداق قىلىپ بۇ شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى؟

يولداش ھېيت تۇرسۇن 1980 ـ يىلى شەرەپ بىلەن ھەربىي سەپتىن يەرلىككە كەسىپ ئالمىشىپ، لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىدى. ناھىيە رەھبەرلىكى ئۇنىڭ زېرەكلىكى، خىزمەتتىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا ئاساسەن، ئۇنىڭدىن يەنىمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ، 1983 ـ يىلى ئۇنى يەر ناملىرى تەزكىرىسىنى يېزىش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللۇقىغا يۆتكىدى. 1984 ـ يىلى ناھىيە رەھبەرلىكى يولداش ھېيت تۇرسۇننى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرزىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ، بۇ ئورۇنغا كەلگەندە، بۆلۈمدە ئارانلا ئىككى نەپەر كىشى بولۇپ، ئىشلەيدىغان خىزمەتلەر كۆپ، ئادەم كۈچى ئاز ھەتتا ئەرز ناملىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن سىرتقا بېرىشقا توغرا كەلگەندە ئىشلىتىدىغان بىرەر ۋېلىسىپتمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىتنى ئوڭۇشلۇق شارائىتقا ئايلاندۇرۇپ، بۆلۈمدىكى ئۈچ نەپەر خىزمەتدىشىنى يېتەكلەپ، ناھىيە رەھبەرلىكى تاپشۇرغان خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدەندى. ئەمما بۇ ناھىيە «سول» لۇشيەننىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغاچقا، ئەرز قىلغۇچىلار بىر قەدەر كۆپ ئىدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، ھال ـ ئەھۋال ئېيتقۇچىلار ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈپ، مەركەزگە ئەرز قىلغۇچىلار 51 نەپەرگە، ئاپتونوم رايونغا ئەرز قىلغۇچىلار 85 نەپەرگە، ۋىلايەتكە ئەرز قىلغۇچىلار 84 نەپەرگە، دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلغۇچىلار سانى 220 نەپەرگە، ئەرز تۈرى سەككىزگە يەتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆي، مال ـ مۈلۈك، ئىش ھەققى، نوپۇس، يەر، ئۆيلۈك يەر، ئىجتىمائىي ياردەم تەلەپ قىلىش، پاش قىلىش، شىكايەت قىلىشنى ئاساس قىلغان ئەرزلەر ئىدى. شۇڭا ھېيت تۇرسۇن ھەر كۈنى ئەرز قىلغۇچىلاردىن 15 تىن 16 گىچە كىشىنى كۈتۈۋالدى. ئۇ، بۇ خىزمەتكە شۇنداق بېرىلگەن ئىدىكى، ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشماي، تاماق يېيىش ھەتتا ئاخشاملىقتىكى دەم ئېلىشنىمۇ تەرىك ئېتىپ ئىشلىدى. چىگىش، مۇرەككەپ، ھەل قىلىش قىيىن بولغان ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، بۆلۈمدىكى كادىرلارنى يېتەكلەپ، جاپالىق يول يۈرۈشتىن قورقماي، مەيلى قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە بولسۇن ياكى ئومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىدە بولسۇن، ئۇ، ھېرىپ چارچىغىنىغا قارىماي، ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارغا بېرىپ، ئەرز قىلىنغان ئىشنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، ئەرز ناملىرىنى ئادىللىق بىلەن بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلدى.



بۇ ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان چەندۈڭ يېزىسىدىن 98 ئائىلىلىك دېھقانىڭ ئۆي مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئەرزى 30 يىلدىن بېرى ھەل بولماي كەلگەن، كۆپ قېتىم ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان چىگىش مەسىلە ئىدى. ھېبىت تۇرسۇن ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، چەندۈڭ يېزىسىغا بېرىپ، ئەرز نامىدە ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋاللارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ، بۇ ئەنزىگە بىۋاسىتە چېتىشلىق بولغان ئاپتونوم رايونلۇق مەھىيە نازارىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ 56 مىڭ يۈەن پۇل ھەل قىلىپ، بۇ يېزىدىكى 98 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ ئۆي مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئەرزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى. بۇ ئىشتىن خۇشال بولغان دېھقانلار: «پارتىيىمىز ھەققەتەن ئادالەتلىك، ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە ئىكەن، تۈگىنىمىز يېشىلدى، كۆڭلىمىز يورىدى، بىز ئۆمۈر بويى پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىمىز» دېيىشتى.

يولداش ھېبىت تۇرسۇن ناھىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئەرز قىلغۇچىلارنى ئىللىق مۇئامىلە بىلەن خۇشچىراي كۈتۈۋالدى. ئۇلارغا پارتىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئائىت سىياسەت، پرىنسىپ، بەلگىلىمىلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، سىياسەت ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولغان ئەرزلەرنى تەكشۈرۈپ ۋاقتىدا ھەل قىلدى، ھەل قىلىش ئۆلچىمىگە چۈشمەيدىغان ئەرزلەرگە قارىتا ئەرز قىلغۇچىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، تونۇشىنى ئۆستۈردى.

1987 ـ يىلى ھاڭگى يېزىسىدىن ئەرز قىلغۇچىلار سانى بىراقلا 42 گە يەتتى. ئۇ بۇ يېزىغا بېرىپ، يېزا رەھبەرلىكى بىلەن بىرلىكتە سەككىز كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ئىشخانا تەسىس قىلىپ، ئۈچ ئاي جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق 32 پارچە ئەرز نامىنى سىياسەت بويىچە ھەل قىلىپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ ئىشتىن كۆڭلى سۆيۈنگەن دېھقان، چارۋىچىلار «ھازىر ھەققەتەن پارتىيىمىزنىڭ جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ھەققەتەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلى ئەسلىگە كەلدى» دېيىشتى. ھېبىت تۇرسۇننىڭ ئاممىنا ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەسىلەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئەرزلەرنى ھەققانى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىسى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىلدى.

ھېبىت تۇرسۇن ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قوغدىغۇچىلار ئۈچۈن، 1985 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيە رەھبەرلىرىنى بىۋاسىتە يۈز كۆرۈشۈپ ئاممىنىڭ دەردى ـ ئەھۋالىنى ئاڭلاشقا تەكلىپ بەردى. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. ھاڭگى يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ كادىرى بارات غوجەخمەتنىڭ كوپېراتىپ بىلەن بولغان 400 يۈەنلىك پۇل مۇئامىلىسى خېلىدىن بېرى ھەل بولماي كەلگەن ئىدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاخىمىن ئەرزىيەت بۆلۈمىدە ئەرز قىلغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، بارات غوجەخمەت ئۆز ئەھۋالىنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىغا مەلۇم قىلدى. شۇجى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەل قىلدى.

1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى جاپپار مەھەممەت ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، ھاڭگى يېزىسىدىن ئابلىراخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان يېتىپ كېلىپ ھاكىمغا: 1977 يىلى

يىلىدىكى «ئۈچ ئېتىشىپ كېتىش» نى يىغىۋېلىش دولقۇنىدا ئۇزىنىڭ 1013 تۈپ دەرىخىنى كوللېكتىپقا يىغىۋېلىپ ھەق قايتۇرمىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. ھاكىم بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ ئەتىق قىلىش ئارقىلىق، يولداش ھېيت تۇرسۇن بىلەن بىرلىكتە ئەرز قىلغۇچى پىشقەدەم دېھقان ئابلىراخۇننىڭ كەنتىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەرزىنى ئادىل سوراپ، ئۇنىڭ دەرەخ ھەققى ئۈچۈن كوللېكتىپتىن 2000 يۈەن ھەل قىلىپ بەردى. 73 ياشلىق دېھقان ئابلىراخۇن ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ پارتىيىنىڭ ئادىل سىياسىتىدىن جېنىم ياشاردى، مەندەك بىر ئاددى دېھقاننىڭ ئەرزىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھاكىمنىڭ كەلگىنى مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى، دېدى. ناھىيە رەھبەرلىرى 1984 - يىلدىن بۇيان ئەرزىيەت بۆلۈمىدە 39 نۆۋەت ئولتۇرۇپ، ھال - ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەن 79 نەپەر ئەرز قىلغۇچىنى كۈتۈۋالدى. 125 پارچە ئەرز نامىگە ئەستىق سالدى. يولداش ھېيت تۇرسۇن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرزىيەت بۆلۈمىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل قولاق سېلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، دەرتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ئۇ: ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتقان بەتتە يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئاممىدىن كەلگەن تۈرلۈك ئەرز نامىلەردىن 1663 پارچە قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ھەل قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان 299 پارچىسىغا مەخسۇس ئەنزە تۇرغۇزۇپ چىقتى. بۇ ئەنزىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش نىسبىتى 93 پىرسەنتكە يەتتى. ئومۇمىي ئەرز نامىلەر ئىچىدىن 60 پىرسەنتىنى ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىدى. قالغان ئەنزىلەرنىمۇ ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەل قىلىشى ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك قىلدى.

1985 - يىلدىن بۇيان، ئەرزىيەت بۆلۈمى ناھىيىلىك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ناھىيە بويىچە 54 ئائىلىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تۇرۇش، چېقىشتا ئاقتۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەن تۈرلۈك مال - مۈلۈكىنىڭ زىيانلىرى ئۈچۈن 89 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى قايتۇرۇش ھەققىدە قارار نامە چىقىرىپ ئالاقىدار ئورۇنلارغا چۈشۈردى.

خىزمەتتە ناھەق چارە كۆرۈلگەن 535 نەپەر كىشىگە 24 مىڭ يۈەن پۇل ھەل قىلىپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە 55 نەپەر كىشىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يولداش ھېيت تۇرسۇن ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىشلەش داۋامىدا پارتىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ «دەرىجىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇش»، «ئىستېمالار بويىچە بىر تەرەپ قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ پاكىتنى ئاساس، سىياسەتنى ئۆلچەم قىلىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قوغداشتۇرۇش ئۈچۈن ھارماي - تالماي تىرىشىپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ ئەرزىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا 240 پارچە ئەرز نامىنى بىر تەرەپ قىلىش قارار نامىسى چۈشۈردى. بۇ قارار نامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. ئەرز قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئەرز دادى 1985 - يىلى 220 پارچىگە يەتكەن بولسا، 1990- يىلغا كەلگەندە 77 پارچىگە تۆۋەنلىدى. ئەرز قىلغۇچىلار ئىلگىرىكىدەك دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلىدىغان، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغان ئىشلار ئازايدى. پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز قويۇقلاشتى. بۇ ئارقىلىق تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت يەنىمۇ مۇقىملاشتى. ناھىيىنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يولداش ھېيت تۇرسۇن ئەرزىيەت خىزمىتى ئىشلەش داۋامىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بىلەن ئىش بېجىرىپ، كەسپىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەتتى. ئۇ 1989 - يىلى يۇرۇڭقاش بازىرىدىن كوللېكتىپ ھالدا ئەرز قىلغان 41 نەپەر كىشىنىڭ ئەرزىنى سوراپ 6528 يۈەن پۇل ھەل قىلغاندىن كېيىن، بۇ 41 نەپەر كىشى بىرلىكتە ھېيت تۇرسۇنغا 100 يۈەن پۇلنى سوۋغا قىلغاندا ھېيت تۇرسۇن ئۇلارغا: «مەن

(ئاخىرى 36 - بەتتە)

# خەلقنى قەلبىگە پۈككەن ئىلغار كارخانىچى

— بۈگۈر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ياسىن دانىنىڭ يەرلىك كىبسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىش - پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە

ئەركىن ئىمىن



بۈگۈر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش ياسىن دانى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا تۇرغۇپ چىقىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئاساسىي ئاجىز، تەرەققىياتى ئاستا بولغان يەرلىك كىچىك تىپتىكى تۇز زاۋۇتىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە روناق تاپقۇزۇپ، زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىش، دۆلەتكە زور تۆھپە قوشۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ، ناھىيە ۋە بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە ئىلغار كارخانىچى بولۇپ باھالىنىپ، كەڭ ئاممىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىك كىبسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ مۇئەييەن تۆھپە قوشۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ھەر قانداق بىر كارخانىچى مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىشتا شۇ مەھسۇلاتنىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق بولغان - بولمىغانلىقىنى مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆلچەملەشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى قىلىدۇ. ياسىن دانى دەل شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى.

1979 - يىلى گوۋۇيۈەن سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 296 - نومۇرلۇق ھۆججىتى — «تۇزغا يود ئارىلاشتۇرۇپ قالقانسىمان بەز ئىششىقى (پوقاق) كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»سىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. 1980 - يىلى بۈگۈر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى يودلۇق تۇز ئىشلەپچىقىرىپ بۇ ناھىيىگە قاراشلىق توققۇز يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى يود ئارىلاشتۇرۇلغان تۇز بىلەن تەمىنلەش، شۇ ئارقىلىق قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن زىممىسىگە ئالدى.

بۈگۈر ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسىلى ئەڭ ئېغىر، يىلتىزى ئەڭ چوڭقۇر، تارقىلىش دائىرىسى 47 پىرسەنتكە يەتكەن ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ئىرسىيەت ۋە ئىچىملىك بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ كېسەل تارىختىن بۇيان بۈگۈر خەلقىنى ئازابلاپ كەلگەن ئىدى.

1980 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى يولداش ياسىن دانىنىڭ توغرا قوماندانلىقىدا، بۇ زاۋۇت تۇنجى قېتىم يود ئارىلاشتۇرۇلغان بولاق تۇزنى ئىشلەپ چىقىردى. بالدۇرراق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار بىر قانچە ئىشچىنى ئاجرىتىپ، بۇ خىل تۇزنى تراكتورغا بېسىپ ھەر بىر دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. بىراق ئەزەلدىنلا شور تۇز ئىچىپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرنى يودلۇق تۇز ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بەزىلەر: «يودلۇق تۇز ئادەمنى تۇغماس قىلىپ قويىدىكەن» دېسە، بەزىلەر: «ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ پۇل خەجلىمەي شور تۇز ئىچىپ كەلدۇق، ئۇلار مەھسۇلاتىنى ساتالماي بىزگە ئاتماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر

بوتلۇق تۇزنى ئىستېمال قىلىشنى رەت قىلىپ، زاۋۇت كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىغا ئاپىرىپ بەرگەن تۇز شۇ پېتى قايتۇرۇلۇۋېتىلدى.

يولداش ياسىن دانى خۇددى يۈرىكىگە نەشتەر سانجىغاندەك ئازابلاندى. ئۇ يوتلۇق تۇز ئىستېمال قىلىش بۈگۈر يېزىلىرىغا نىسبەتەن بىر يېڭى ئىش، بىر يېڭى شەيئىنى ئاممىغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىق - تەرغىباتتىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپ، ئىشنى تەشۋىق - تەربىيەدىن باشلايدۇ. دادۇلان، قاراباغ، يېڭىسار، چىدىر، ئەشمە قاتارلىق يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەتنى سىستېمىلىق قانات يايدۇرىدۇ. ئۇلار خاتا چۈشەنچىلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن ئىلمىي ئىزاھات بېرىپ، يوتلۇق تۇزنىڭ ئادەمنى تۇغماس قىلىپ قويماستىن، بەلكى پوقاق كېسىلىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنىڭ بارلىقىنى ئەمەلىي مىسال، پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قايىل قىلدى ھەمدە ئۇلارنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن، ئىرسىيەت خاراكتېرلىك بۇ كېسەلنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەنە مىراس بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ، تۇز مەيدانلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇز مەيدانلىرىدىن خالىغانچە شور تۇز كولىشىنى، شور تۇزنىڭ بازارغا كىرىشىنى توستى.

شۇنداق ئۈنۈملۈك تەدبىرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى تېزلا كۆرۈلۈپ، 1986 - يىلغا كەلگەندە، يوت ئارىلاشتۇرۇلغان بولاق تۇزنى ئىستېمال قىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى 1980 - يىلدىكى 0 دىن 95 پىرسەنتكە كېڭىيىپ، قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسىلى ئىلگىرىكى 47 پىرسەنتتىن 3 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى.

بۇ نەتىجىدىن قەلبى شادلانغان يولداش ياسىن دانى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشتىكى ئاچقۇچ مەھسۇلات سۈپىتىدە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، زاۋۇتنىڭ پۈتۈن ئۈسكۈنىلىرىنى، سېخلىرىنى يېڭىلىغاندىن باشقا، يەنە 30 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ زامانىۋى تەجرىبىخانا قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن تېخنىكلارنى سەپلەپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتتى.

يولداش ياسىن دانى بۇ زاۋۇتقا زاۋۇت باشلىقى بولغان ئون يىل مابەينىدە، يوت ئارىلاشتۇرۇلغان تۇزنىڭ يەرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسىلىگە شىپا بولىدىغان رولىغا بولغان تونۇشىنى ئىزچىل تۈردە چوڭقۇرلاشتۇرغاچقا، ئۇ تۇقۇل ھالدا پايدا قوغلاشماي، چەت - ياقا يېزا - كەنتلەردىكى دېھقانلارغا يوتلۇق تۇزنى تراكتور، ماشىنا قاتارلىق قاتناش قوراللىرى بىلەن ئاپىرىپ بەرسىمۇ كىرا ھەققى ئالماسلىق، نامرات دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرىنى ھەقسىز تەمىنلەشتىن ئىبارەت بۇ يۆنىلىشتە ئېغىشماي چىڭ تۇردى. نەتىجىدە، ھازىر بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى يالغۇز بۈگۈر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بايىنغولىن ئوبلاست خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېقىن دوستىغا ئايلىنىپ قالدى.

يولداش ياسىن دانى يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن 1987 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا «يوت ئارىلاشتۇرۇلغان بولاق تۇز ئىستېمال قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يەرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دېگەن تېمىدا تەجرىبە تونۇشتۇردى. زاۋۇت ۋە يولداش ياسىن دانى ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسى بىرلىكتە چىقارغان ئومۇمىي ئۇختۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

سۈرەتتە: يولداش ياسىن دانى ياچېيكا يىغىنىدا

# پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

— مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات، تەشكىلات بۆلۈملىرى يەرلىك پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى باش تەھرىرلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرى

1990 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى بېيجىڭدە يەرلىك پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى باش تەھرىرلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى ۋە بەش شەھەرلىك (ئوبلاستلىق) پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرلىرى قاتناشتى. كۇرس ئېچىلىش ۋاقتىدا، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش لىۋجۇڭدې سۆز قىلدى. يېپىلىش ۋاقتىدا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش جاۋ زۇڭدېڭ خۇلاسە چىقاردى. كۇرس مەزگىلىدە، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ رېنژى، شۇ ۋېيچېڭ، ۋاڭ دېيىڭ، جېڭ كېياڭ قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى - ئاخىر كۇرسقا كېلىپ دوكلات بەردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، يەرلىك پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرناللىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. ھازىر ئۆلكە دەرىجىلىك يەرلىك پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىدىن 29 ى ۋە بىر نەچچە شەھەر، ئوبلاستلار باشقۇرغان پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى بار بولۇپ، ئومۇمىي تىرازى 13 مىليوندىن ئاشتى، بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈت نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا بىر نۇسخىدىن توغرا كېلىدۇ. يەرلىك پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرناللىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شەھەر - يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىنى قاپلاپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى تەشۋىقاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى تورىنى ھاسىل قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك قورالى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەيدىغان مۇستەھكەم بازىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى يۈكسەك ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

بۇ قېتىمقى كۇرستا، كۆپچىلىك ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش نەزەرىيىسى، مەركەزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ھەمدە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئالاقىدار سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى؛ مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار بەرگەن سەككىز دوكلاتنى ئاڭلىدى، بۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت، ئىچكى ۋەزىيەت ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. كۆپچىلىك ئەھۋال ئالماشتۇرۇش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئورنى،

رولى، ژۇرنال باشقۇرۇش فاڭجېنى ۋە ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش، رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ نىسبەتەن بىردەك تونۇشقا ئىگە بولدى، ژۇرنال باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى.

كۆپچىلىك مۇنداق دەپ قارىدى: پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ ئىسمى پارتىيە دېگەندە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى ژۇرنىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەخسۇس پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش مەقسىتى، تەشۋىقات مەزمۇنى، مۇلازىمەت ئوبيېكتى «پارتىيە» دېگەن سۆزدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. ژۇرنالنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەيلى سىياسىي جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشتا بولسۇن ياكى ئىقتىساد جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشتا بولسۇن، مەيلى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش ياكى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشتا بولسۇن، ئىجابىي تىپلارنى تەشۋىق قىلىش ياكى سەلبىي تىپلارنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا بولسۇن، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ياكى مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىشتا بولسۇن، ھەممىسىدە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيىنى كۈچەيتىشكە، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى، ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئوبرازى ۋە ئىناۋىتىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇش ئاساس قىلىنىشى كېرەك.

كۆپچىلىك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ھازىر پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنىڭ تىراژى ئاز ئەمەس، ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ — سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتە. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ژۇرنالنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇلۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەردە مەيدانى قەتئىي، بايرىقى روشەن بولۇشى، ھەرگىز تەۋرەنمەسلىكى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى ئارقىلىق كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. ئىككىنچىدىن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دەللىلىكلىكنى كۈچەيتىش لازىم. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا، مەۋقەنى ئۆز ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئۆز رايونىدىكى پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان ھالدا ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، «نىشانلىق ئوق ئېتىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ سەپتىن پايدىلىنىپ، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان خاتا خاھىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش لازىم. تىپىك ئەنزىلەرنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇنىڭ خاتالىقىغا ئائىت پاكىتلارنى تولۇق پاش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشىنىڭ

مەنبەسىنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، قارشىلىق كۆچىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا تەربىيىلەش لازىم. ئۇتتۇنچىدىن، جانلىق، تېتىك بولۇش، ئالاھىدىلىكى بولۇشقا تىرىشىپ، ئوقۇشلۇق خاراكتېرىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

كۆپچىلىك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، «پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، ئىستىلى ياخشى، كەسپتە تاكامۇللاشقان» پارتىيە ژۇرنىلى خىزمەت قوشۇنى بولۇشى كېرەك. بۇ قوشۇننىڭ باشقۇرىدىغىنى پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى بولۇش، يۈزلىنىدىغىنى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بولۇش، تەشۋىق قىلىدىغىنى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلى، قەھرىمان - نەمۇنىچىلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى بولۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قوشۇنغا ئىختىساسى يۇقىرى، ئىختىساسى قاتتىق تەلەپ قويۇلۇشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتى ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى بولۇش، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنى ئىشلەيدىغان پارتىيە ئەزالىرى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى بولۇش كېرەك. نۆۋەتتە، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلىنى ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى سۈپىتى، كەسپىي سەۋىيىسى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى پارتىيە ژۇرنىلى خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا دېگەندەك ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ژۇرنال باشقۇرۇش قوشۇنىنى مۇۋاپىق تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش لازىم، لېكىن ئەڭ مۇھىمى، ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بۇ قوشۇننىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە كەسپىي خىزمەت قابىلىيىتىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ، ئۇنى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

## ئادەم بەدىنىدە قايسى خىل ئېلېمېنتلار كەملىگەندە راك كېسەللىگە دۇچار بولىدۇ

يوت: تۇپراق ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەركىبىدە يوت ماددىسى كۆپرەك بولغان رايونلار، مەسىلەن، ئامېرىكا، كانادا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق رايونلار ئادەملىرىنىڭ ئاشقازان - ئۈچەي راك كېسەللىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولىدىكەن. چۈنكى، ئاشقازان - ئۈچەي يوللىرى راك كېسەللىگە دۇچار بولغان بىمارلارنىڭ قان پىلازمىسى تەركىبىدىكى يوتنىڭ مىقدارى نورمال كىشىلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدىكەن.

ھايۋاناتلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەجرىبىلەر يوقارقى كۆز قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان: چاشقانلارغا يامان سۈپەتلىك ئۆسمە پەيدا قىلىدىغان دورىلارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىملىكى ۋە يېمەكلىكلىرىگە يوتلۇق دورىلارنى قوشۇپ بەرگەن. راك پەيدا بولىدىغان ئورۇنغا يوتلۇق دورىلارنى بىۋاستە سۈرگەن، نەتىجىدە بۇ چاشقانلاردا يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن.

سېلېن: سېلېن بەدەندىكى مۇھىم ئېلېمېنتلار تەركىبىدە بولىدۇ. ئۇ تېرە ۋە شىللىق پەردىلەرنىڭ نورمال پائالىيىتىنى قامدايدىغان بىر خىل ماددا. ئەگەر سېلېن بەدەندە كاملاپ كەتسە، قىزىل ئۆڭگەچ شىللىق پەردىلىرى بىنورمال ئۆسۈپ، راك پەيدا بولىدۇ. كۈندىلىك يېمەكلىكلىرىمىزنىڭ تەركىبىدە سېلېن بولغاچقا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا سېلېن كاملاپ كەتمەيدۇ. ئەمما، چوڭچوڭمەل، ئېچىتقان يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغاندا، بەدەندىكى سېلېن كاملاپ كېتىدۇ. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئۆپكە راكى بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ قان پىلازمىسىدىكى سېلېن مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن. ئۇلارغا سېلېن بېرىپ داۋالىغاندا، ھاياتىنى ئۇزارتقىلى بولىدىكەن.

ماگنىي: فىرانسىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بۇنداق: تۇپراقتىكى ماگنىينىڭ مىقدارى قانچە تۆۋەنلىسە، راكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى شۇنچە يوقۇرلايدىكەن. بەدەندە ماگنىي ئازلاپ كەتسە، لىمفا ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدىكەن. بۇ راك پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەپلىرىنىڭ بىرسىكەن. ياپونىيە راك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات ئورنىنىڭ ئېلان قىلىشىچە: سېرىق ۋە يېشىل رەڭلىك كۆكتاتلار ھەر خىل راك كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تۆۋەنلىتىدىكەن.

بارىي: بارىي كاملاپ كەتسە، ئوڭايلا قىزىل ئۆڭگەچ راكىغا گىرىپتار بولىدىكەن. سېرىق پۇرچاق، ئۆرۈپ - چامغۇر، يېسىلىك قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ تەركىبىدە بارىي ئېلېمېنتى كۆپ.

مۇھەممەت ھامۇت

## ئۇچ ئەنگۇشتەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

«بىرلىكسەپ، قوراللىق كۈرەش، پارتىيە قۇرۇلۇشى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى ئۇچ ئەنگۈشتەرى، ئۇچ ئاساسىي ئەنگۈشتەرى». بۇ تەرىپنى ماۋزېدۇڭ 1939 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «‹كوممۇنىستلار› ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما»دا يازغان ئىدى. «ئۇچ ئەنگۈشتەر» نەڭ باشتا 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىمالىي جۇڭگو بىرلەشمە داشۆسى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئاچقان ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى چېن فاڭزۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنى ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ قارارى بويىچە شىمالىي جۇڭگو بىرلەشمە داشۆسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بازىسىغا كۆچۈپ بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزى كۆپچىلىكنى دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىدى.

ماۋزېدۇڭ ئۆز نۇتقىدا قىزىقارلىق قىلىپ جۇڭگونىڭ كلاسسىك رومانى «ئىلاھلىققا تەيىنلەش ھەققىدە قىسسە»دىكى بىر ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئەينى يىللاردا جياڭزىيا كۈنلۈن تېغىدىن چۈشكىچە، ئۇنىڭغا ئەۋلىيا - ئەمبىيا ئۇنىڭغا سېرىق رەڭلىك بايراق، قانداغاي ۋە ئەۋلىيا دەررىسىدىن ئىبارەت ئۇچ خىل ئەنگۈشتەرنى تەقدىم قىلغان. ھازىر سىلەر ئالدىڭىزغا سەپكە بېرىش ئالدىدا تۇرىسىلەر، مەنمۇ سىلەرگە ئۇچ خىل ئەنگۈشتەرنى تەقدىم قىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ: بىرلىكسەپ، قوراللىق كۈرەش، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت» دېدى.

«ئۇچ خىل ئەنگۈشتەر» دېگەن گەپنى ماۋزېدۇڭ كېيىن يازغان «‹كوممۇنىستلار› ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما»دا «ئۇچ ئەنگۈشتەر» دەپ بايان قىلغان.

(«ئۇرمۇشىمىزدىكى ماۋزېدۇڭ»دىن ئېلىندى)

## ئېلىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپىنى ئۇچ قاتلامغا ئايرىشقا بولىدۇ

يېقىندا، گاۋگۇاڭ، جاۋ لىۋىنلەر مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ «نەزەرىيە ئەھۋالى» ژۇرنىلىغا ماقالا يېزىپ، ئىشچىلار سىنىپىنى مۇنداق ئۇچ قاتلامغا ئايرىشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى:

(1) ماددىي ئىشلەپچىقارغۇچىلار قاتلىمى. بۇ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت ۋە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى، مەسىلەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە سودا قاتارلىق ھەر قايسى سانائەت تارماقلىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئاساسەن جىسمانىي ئەمگەكنى ئاساس قىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولۇپ، ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاستە قاتنىشىۋاتقان بەزى تېخنىك خادىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، 130 مىليون ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ تەخمىنەن 100 مىليونىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار ياراتقان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 76 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. (2) زىيالىيلار قاتلىمى. بۇنىڭدا ئاساسەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەقلىي مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەقلىي ئەمگەكچىلەر، جۈملىدىن پەن - تەتقىقات، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق تارماقلاردا ھەر خىل كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيىلىنىشى ئەڭ ياخشىلار بولۇپ، پۈتكۈل ئىشچىلار بىلىملىك بولۇشتا تايىنىدىغان يول باشلىغۇچى كۈچتىن ئىبارەت. (3) باشقۇرغۇچىلار قاتلىمى. بۇنىڭدا دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىپ رەھبىرىي سىنىپقا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا باشقۇرغۇچىلار قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى.

(«پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»دىن ئېلىندى)

## ھازىر كىتابخانىلار داھىلارنىڭ تەرجىمھاللىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولدى

مەملىكەت بويىچە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كىتاب «ئالتۇن ئاچقۇچ» مۇكاپاتىدا، كىتابخانىلار بىلەت تاشلاش ئارقىلىق، خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇ ئېنلەي تەرجىمھالى» نەڭ كۆپ بىلەتكە ئېرىشىپ، شەرەپ بىلەن بىرىنچى بولدى ھەمدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن باشقا توققۇز خىل كىتابنىڭ ئۈت خىلى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ھاياتى سۆزۈت قىلىنغان كىتابلار بولۇپ، ئۇ خىيىي خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ماۋ زېدۇڭنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتكۈل باھالاپ - سايلاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كىتابخانىلار داھىلارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئوۋال كىتابلارغا كۆڭۈل بۆلگەندىن باشقا، تارىخىي ئەسەرلەر، كۆڭۈل ئېچىش، جۇڭگو ئەدەبىياتى، ئىجتىمائىي پەن قاتارلىقلار ئىپادىكى كىتابلارغىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدىكەن. ئىلگىرى «قىزىقارلىق» دەپ ئاتالغان ئامبابپ ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەرگە بولغان قىزىقىش سۇسلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار 12 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان، بۇ كىتابخانىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

(«ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىدىن ئېلىندى)

## دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ بۇ يىلقى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا خىزمەت ئالاقە قىلىشىنى ۋاقىتىنچە توختاتتى

بۇ يىلقى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى توگۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، يېقىندا، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقاردى، ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: بۇ يىلقى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش فاكچېن، سىياسەت ۋە تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى بېكىتىلىشتىن ئىلگىرى، تەقسىمات خىزمىتىنىڭ تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر قايسى مەكتەپلەر بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇش ۋە كۆرسىتىش ماتېرىيالى بېرىپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەت ئورنىنى ئالاقە قىلدۇرىدىغان ياكى تەلەپ ۋە ئېھتىياج ھەققىدە ئۈچۈر ئىگىلىنىدىغان ئىشلارنى توختىتىشى لازىم.

(«باشلار گېزىتى»دىن)

## خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىشى توغرىسىدا بېكى بەلگىلىمە چىقىرىلدى

يېقىندا دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى «خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئەمگەك باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، خۇسۇسىي كارخانىلار ئىشچى ئىشلىتىشتە ئۆزۈەندىكى ئۆت ماددىلىق پرىنسىپنى ئىجرا قىلىشنى ئېنىق بەلگىلىدى:

1. خۇسۇسىي كارخانىلار ئىشلىتىدىغان ئىشچىنى ئاساسلىقى شەھەر - بازاردىن قوبۇل قىلىشى ھەمدە شۇ جايدىكى ئەمگەك مەمۇرىيەت تارماقلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشى لازىم.

2. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، 16 ياشقا توشمىغان بالىلارنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش قەتئىي مەنئى قىلىندۇ.

3. خۇسۇسىي كارخانىلار ياكى ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھەر قانداق بىر تەرەپ توختامنى بىكار قىلماقچى بولسا، ئون كۈن ئىلگىرى قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرۇش قىلىشى ھەمدە توختامنى بىكار قىلىش رەسمىيتى ئۆتۈشى لازىم، قايسى تەرەپ رەسمىيەت ئۆتمەيلا، توختامنى بىكار قىلسا، شۇ تەرەپ قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

4. خۇسۇسىي كارخانىلار ھەر كۈنى سەككىز سائەتتىن ئاشمايدىغان ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى لازىم. ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن خىزمەت ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھەمدە ئىش ۋاقتىدىن تاشقىرى ئىشلىگەن ئىشقا ھەق بېرىشى، كۈنلۈك ئىش ۋاقتىدىن تاشقىرى ئىشلەيدىغان ۋاقتى ئۈچ سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئۇدا ئىش ۋاقتىدىن تاشقىرى ئىشلەش ۋاقتى ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

(«جۇڭگو ئىلىم - پەنلىرى گېزىتى»دىن)

## دۆلىتىمىزدە چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تۇتىنچى خىل تىپى بارلىققا كەلدى

يېقىندا، دۆلىتىمىز چەت ئەلدىن مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتە، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل ھەمكارلاشقان، چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئۆزى مەبلەغ سېلىپ باشقۇرغان كارخانىلاردىن باشقا، يەنە چەت ئەل مەبلەغ سالغان تۆتىنچى خىلدىكى كارخانا تىپى — پاي چېكى تۈزۈمىدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا بارلىققا كەلدى. پاي چېكى تۈزۈمىدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا پاي چېكىنى ئاشكارا تارقاتسا بولىدۇ، بۇ بىر خىل يېڭى سىناق، بۇنىڭ ئۆزىگە خاس تۆت پايدىسى بار:

1) كارخانىلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق، كارخانا جۇغلانمىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. 2) مەبلەغ سالغۇچىغا كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرنى يېنىكلىتىشكە پايدىلىق، مەبلەغ جۇغلاش ۋە ئۇتتۇنۇپ بېرىشكە قولايلىق. 3) كارخانىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ۋە نامىنى ئاشۇرۇشقا، يېڭى ئىقتىسادىي كۆلەمنى ئۈزلۈكسىز شەكىللەندۈرۈپ تۇرۇشقا پايدىلىق. 4) كارخانىلارنىڭ ئىلغار تېخنىكا قوللىنىشنى تېزلىتىشكە ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

(«تۇرمۇش كەسپىي گېزىتى»دىن)

## پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى بولۇشى كېرەك، دېگەن بەلگىلىمە ئەڭ ئاۋۋال 1919 - يىل 12 - ئايدا رۇسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىك)نىڭ مەملىكەتلىك 8 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان نىزامنامىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغانلار كاندىداتلىق مۇددىتىنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك، بۇنىڭدىكى مەقسەت كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىينىڭ پروگراممىسى ۋە ستراتېگىيىسىنى ھەقىقىي بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پەزىلىتىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت». نىزامنامىدە يەنە: «ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار كەم بولغاندا ئىككى ئاي كاندىداتلىق مۇددىتىنى باشتىن كەچۈرۈشى، باشقىلار كەم بولغاندا ئالتە ئايلىق كاندىداتلىق مۇددىتىنى باشتىن كەچۈرۈشى لازىم»، «كاندىدات پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئاشكارا پارتىيە يىغىنلىرىغا قاتناشسا بولىدۇ، سۆزلەش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1923 - يىل 6 - ئايدا چاقىرىلغان 3 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان نىزامنامىسىدە، تۇنجى قېتىم پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلغاندا چوقۇم كاندىداتلىق مۇددىتى بولۇشى كېرەكلىكى، كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن. پارتىيە نىزامنامىسىدە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى «ئەمگەكچىلەر ئۈچ ئاي، غەيرىي ئەمگەكچىلەر ئالتە ئاي بولىدۇ»، «كاندىدات پارتىيە ئەزالىرى گۇرۇپپا يىغىنلىرىغىلا قاتنىشالايدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلەش ۋە سايلاش ھوقۇقى بولىدۇ، رەسمىي پارتىيە ئەزالىرىغا ئوخشاش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «8 - قۇرۇلتاي»دا ماقۇللانغان نىزامنامىدە: «پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان كىشى پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامىسىنى تولدۇرىدۇ، ئىككى نەپەر رەسمىي پارتىيە ئەزاسى تونۇشتۇرغۇچى بولىدۇ، ياچېيكا چوڭ يىغىندا ماقۇللىغاندىن كېيىن ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى تەستىقلاپ، كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولالايدۇ»، «كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ، پارتىيە تەشكىلى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى ئەستايىدىل تەربىيىلىشى ۋە تەكشۈرۈشى لازىم. كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى رەسمىي پارتىيە ئەزالىرىغا ئوخشاش بولىدۇ. كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋاز بېرىش، سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى بولمىغاندىن ئاشقىرى، ھەممە جەھەتتە رەسمىي پارتىيە ئەزاسىغا ئوخشاش. كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى توشقاندا، پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنى رەسمىيلەشتۈرۈشكە بولۇش - بولماسلىقىنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىشى لازىم. مەجبۇرىيەتنى

ئەستايىدىل ئادا قىلغان، پارتىيە ئەزالىق شەرتىنى ھازىرلىغان بولسا، ۋاقتىدا رەسمىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ داۋاملىق تەكشۈرۈش ۋە تەربىيىلەش زۆرۈر بولسا، كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ، لېكىن بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ پارتىيە ئەزالىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان، پارتىيە ئەزالىق شەرتىنى ھەقىقەتەن ھازىرلىمىغان بولسا، كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

(«خۇەن كوممۇنىستلىرى»دىن)

## يەر شارىدىكى تۆت چوڭ ئىنچىكە قۇرۇلۇشى

ياپونىيە قۇرۇلۇش ۋازارىتى «يەر شارى كۈنى»نىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يەر شارىدىكى «تۆت چوڭ ئىنچىكە قۇرۇلۇشى ھەققىدە قىياس»نى ئىلان قىلىپ، «ئىستىباقلىشىپ تەنتەنىلىك پائالىيەت ئۆتكۈزۈشكە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاۋاز قوشۇشى»نى ئۈمىد قىلدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆت چوڭ قۇرۇلۇش مۇنۇلار: مالاي يېرىم ئارىلىنى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان كرا قانىلىنى قېزىش؛ ھىمالايا تاغ ئېتىكىدىن باشلىنىپ ھىندىستان، بېنگالغىچە بولغان گانگ دەرياسىنى ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەش؛ ياۋروپا بىلەن ئافرىقىنى قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرىدىغان جەبىلتارىق چوڭ كۆۋرۈكىنى سېلىش؛ سەھرايى كەبىرنى يېشىللاشتۇرۇش.

پىلانلىنىۋاتقان ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ كۆۋرۈكى ئىسپانىيە بىلەن ماراكەش ئارىلىقىدا قۇرۇلىدۇ، جەبىلتارىق بوغۇزىنى توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، ئۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 16 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، قۇرۇلۇش مۇددىتى يەتتە يىلدىن ئون يىلغىچە بولىدۇ.

گانگ دەرياسىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنى دۇنيا بانكىسى پىلانلىغان، بېنگالدا ئىش باشلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى پىلاندا بۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ھىمالايا تېغى ئېتىكىدىن ئىش باشلىنىپ، تۆت چوڭ توسما قۇرۇلىدۇ، سۇنىمۇ تىزگىنلىگىلى، توكمۇ چىقارغىلى بولىدۇ.

سەھرايى كەبىرنى تىزگىنلەشتە ئۈچ لايىھە بار: بىرىنچى، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى نىگېر دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاش؛ ئىككىنچى، يەر ئاستى توسمىسى ياساپ، يەر ئاستى سۈيىنى چىقىرىش؛ ئۈچىنچى، 1800 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قانالنى قېزىش ئارقىلىق قۇرغاقلىقنى پەيدىنپەي يېشىللاشتۇرۇش.

ياپونىيىنىڭ مالاي يېرىم ئارىلىدا كرا قانىلىنى قېزىشنى ئويلاۋاتقىنىغا 20 نەچچە يىل بولۇپ قالدى. بۇ قانال پۈتكەندىن كېيىن، ھىندى ئوكياندىن جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىغا كېلىدىغان پاراخوتلار مالاككا بوغىزىنى ئايلانمايلا، تايلاندنى كېسىپ ئۆتۈپ بۇ قانالغا بىۋاسىتە كىرەلەيدۇ.

(«شياڭگاڭ ـ تەيۋەن ئۇچۇر گېزىتى»دىن)

## سوۋېت ئىتتىپاقى 30 يىل ئىلگىرىكى راكېتا پارتلاش ۋەقەسىنى ئېلان قىلدى

سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە مىنىسترلىكى «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى»نىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە قارىغاندا، 1960 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بايقۇڭۇر ھاۋا بوشلۇقىغا راكېتا قويۇپ بېرىش مەيدانىدا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان يېڭى تىپتىكى راكېتا پارتلاپ كېتىپ، شۇ جايىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ستراتېگىيىلىك راكېتانىڭ باش قوماندانى مارشال نېدېلىن قاتارلىق 165 كىشى ئۆلۈپ كەتتى، بۇ ئالەمنى ئىگىلەش تارىخىدا كۆرۈلگەن ئەڭ ئېغىر بىر ھادىسە ئىدى. بۇ ھادىسىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىدى. شۇ خەۋەردە ئاشكارىلىنىشىچە، ئەسلىدە ئاشكارا قىلىنغان، قەبرە تېشى قاتۇرۇلغان ۋە خاتىرىگە ئېلىنغانلار ئاران 54 كىشى ئىكەن.

(«شاڭخەي تەرجىمە گېزىتى»دىن)

## بۇشىزم

بۇشىزم دېگەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇش ئوتتۇرىغا قويغان شەرقىي ياۋروپا ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتىلغان تاشقى فاڭجېن، سىياسەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى: غەرب سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتىش، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىش ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ۋە ئەركىن بازارنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇشىزم — يېڭى ۋەزىيەتتە، غەربنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى.

(«پارتىيە خادىملىرى قوللانمىسى»دىن)

# مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مۇلازىمەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكى رەھبەرلىك پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى

ئىمىر ئامۇت

رەھبەرلىك پائالىيىتى، ئەمەلىيەتتە، ئىجتىمائىي پائالىيەت. ماركس «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىرغا مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرىدە، ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى پائالىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى پائالىيىتى ۋە ئۈستقۇرۇلما پائالىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ساھەگە يىغىنچاقلىغان. بۇ ئۈچ ساھەنى رەھبەرلىك سۆزى بىلەن ئىپتىقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەريانىدىكى رەھبەرلىك پائالىيىتى كەسپىي رەھبەرلىك بولىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدىكى رەھبەرلىك پائالىيىتى مەمۇرىي رەھبەرلىك بولىدۇ؛ ئۈستقۇرۇلما ساھەسىدىكى رەھبەرلىك پائالىيىتى بولسا ئىدىيىۋى - سىياسىي رەھبەرلىك بولىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىكىدىن ئەڭ تۆۋەن قاتلام رەھبەرلىكىگىچە بولغان بارلىق رەھبەرلىك پائالىيەتلىرى مۇشۇ ئۈچ جەھەتتىكى پائالىيەتتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ھازىرقى زامان رەھبەرلىك پائالىيىتى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، كەڭ دائىرىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. لېكىن ئۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت ھەرىكىتىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

سىياسىي رەھبەرلىك ئۈستقۇرۇلمىدىكى رەھبەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا بولغان ئەكس تەسىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇ دۆلەت تەرەققىياتىدىكى نىشان خاراكتېرلىك، ئومۇملىققا ياتىدىغان، ھەل قىلغۇچ سىياسەتلەرنى تۈزۈش، ئىگىلەش، تۆۋەندىكىلەرنىڭ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ۋە قوماندانلىق قىلىش؛ ھەر ساھە ۋە رەھبىرىي تەشكىلاتلار بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش، ماسلاشتۇرۇش، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن تىنچ، ئىناق بولغان ياخشى. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يارىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

كەسپىي رەھبەرلىك، ئاساسلىقى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى باشقۇرىدۇ، شۇنداقلا مەلۇم ئۈستقۇرۇلما قارماقلىرىنىمۇ باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن مول ماددىي ۋە ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

مەمۇرىي رەھبەرلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى باشقۇرىدۇ يەنى ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال، ئارقا سەپ ۋە جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ جەمئىيەت مىقياسىدا، يەن — تېخىمۇ كەڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىقلارنى ئۈنۈملۈك تەڭشەپ تۇرىدۇ. مەمۇرىي رەھبەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدىغان رەھبەرلىك بولۇپ، ئۇ، دۆلەت نامى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە ئومۇمىي خەلق ئىچىدە يۈرگۈزۈلىدىغان رەھبەرلىكتۇر. سىياسىي، مەمۇرىي ۋە كەسپىي رەھبەرلىكتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىدا، سىياسىي رەھبەرلىك يېتەكچى، كەسپىي رەھبەرلىك ئاساس، مەمۇرىي رەھبەرلىك ۋاسىتە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆز

خىزمەت ھوقۇقى، مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئېنىق چۈشىنىپ، دەللىككىلىكى بولغان ھالدا ئىشلەپ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم.

خىزمەت ھوقۇقى (رەھبەرلىك ھوقۇقى) خىزمەت ئورنىدىن كەلگەن، باشقىلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باشقۇرىدىغان بىر خىل كۈچ بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى باشقا ھوقۇقلارغا ئوخشىمايدۇ. رەھبەرلىكنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، قانۇنىي يوسۇندا بەلگىلەنگەن، خىزمەت ئورنىدا ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان بىر خىل قانۇنىي ھوقۇقتۇر. رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىك خىزمەت ۋەزىپىسىدە بەلگىلەنگەن قانۇنىي ھوقۇقنى يۈرگۈزگەنلىك بولىدۇ.

رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى — خىزمەت ئورنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ھەرقانداق رەھبىرىي كادىرنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ۋە خىزمەت ئورنىدىن ھالقىپ ھوقۇق يۈرگۈزۈشىگە ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى چەكسىز كېڭەيتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى — پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان، مەلۇم خىزمەت ئورنى ۋە مەلۇم خىزمەت ۋەزىپىسىدىن بارلىققا كەلگەن رەھبەرلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. رەھبەرلىكنىڭ مەسئۇلىيىتى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، رەھبەرلىك خىزمىتىدە زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان كونكرېت رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى ۋە قانۇنىي جەھەتتە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، پارتىيە ۋە خەلققە مەسئۇل بولۇش، خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەندەك: «بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، ھەر بىر جۈملە سۆزىمىز، ھەر بىر ھەرىكىتىمىز، ھەر بىر سىياسىتىمىز خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم، خاتالىق بولىدىكەن، چەزمەن ئۈزىتىش كېرەك. مانا بۇ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتۇر.» رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى دېگەن ئەنە شۇ.

مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق، رەھبەرلىك قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن ماھىيەتلىك نەرسە. ھوقۇق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاستىسى، مەسئۇلىيەت رەھبەرلىكنىڭ ھەقىقىي خاسلىقى. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار ئۆز ۋەزىپە دائىرىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى، ھەرگىزمۇ ھوقۇق قانچە چوڭ بولسا، شۇنچە ياخشى دەپ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەجبۇرىيىتى خەلق ئۈچۈن ئىشلەش. تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ بارلىق خىزمىتى ھەقىقەتەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام ۋە كارخانىلار ئۈچۈن، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە خەلقنى باياشاتلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ماركسىزمنىڭ ئۇستىقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى قائىدىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، رەھبىرىي ئورگانلار بىلەن رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلمىسا، ئۇ ھالدا ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

قىسقىسى، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مۇلازىمەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكى سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى رەھبەرلىك پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتىدۇر. مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مۇلازىمەتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپ ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان بىر پۈتۈنلۈكتۇر. رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدە ئەڭ تۈپلۈك بولغىنى خەلقنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت. رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ ھوقۇقىدا ئەڭ تۈپلۈك بولغىنى خەلق ئۈچۈن ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، ئەڭ تۈپ ئىدىيىۋى خىسلىتى، پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ئاساسىي پارتىيىۋىلىك مەسىلىسىدىن ئىبارەت، شۇنداقلا پرولېتارىيات رەھبەرلىرى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي پرىنسىپتۇر.

# ئۇ خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز قالدۇردى





—توقسۇ ناھىيە ئۈچقات يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى تۇردى نىياز توغرىسىدا

ئېزىز ئېلى (ئۆز مۇخبىرىمىز)

ئەلمىساقتىن بۇيان چۆلدەرەپ تۇرغان «تۈت تومار»، «لەڭگەر») بىردىنلا جانلىنىپ بازار تۈسىنى ئالدى. ئۈچقات يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مانا مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. ئۆزگىچە سېلىنغان بىر يۈرۈش ئىشخانا، ئائىلىكلەر بىناسى، دوختۇرخانا، مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرى، يولنىڭ ئىككى چېتىگە سېلىنغان تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرى، كىنوخانا، قىرائەتخانا، ئاسفالت يوللار ۋە ھۆكۈمەت قورۇسىدىكى تال باراڭلار بۇ يېزىغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مانا بۇ — («تۈت تومار»، «لەڭگەر») نىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى.

1984 - يىلى ئەتىيازدا ئاقسۇ ۋىلايىتى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم يەكشەنبە بازار يېزىسىنى ئىككىگە ئايرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە پارتكومنى («تۈت تومار»، «لەڭگەر») گە يۆتكەپ، تۇنجى «ئۈچقات» يېزىسى دەپ نام بەردى ۋە يولداش تۇردى نىيازنى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. 30 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدا ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم مائارىپچى تۇردى نىياز بۇ يېزىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن تۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرگە — يېرى شورتاڭ، زەيكەش، قۇم-ساز، سۇيى قىس، قاتنىشى قولايسىز، شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغان يېزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى، رەھبەرلىك بەنزە مەسىلىسى، ئاندىن ئىشنى نەدىن باشلاش مەسىلىسى قاتارلىق تۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن. يولداش تۇردى نىيازنىڭ دېموكراتىك ئىستىلى ۋە ئىزدىنىش روھى كىشىنى ھاياجانغا سالدى. ئۇ «بۇ يېزىنىڭ تارىخىغا، كەلگۈسىگە ۋە دېھقانلار ئامممىغا مەسئۇل بولۇشۇم لازىم» دەيدىغان روھ بىلەن كەڭ دېھقانلار، پارتىيە ئەزالىرى كادىرلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، يېزىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىزىغا چۈشۈرگەن. نەتىجىدە،

رەھبەرلىك بەنزىدىكلەر بىلەن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئىتتىپاق بولغان، دېھقانلارنىڭ كەيپىياتى ئۆسكەن، غەيرىتى ئاشقان شۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلگەن.

1. ئىش تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن باشلانغان. شۇ جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان، كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلغان ۋە يولغا قويۇلغان. يولداش تۇردى نىياز تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشتا ئۆزى باشلامچى بولغان، ھەممە ئىشتا «ئىككىدە ئاشكارا بولۇش، بىردە نازارەت قىلىش» پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرگەن، تىپلارنى، مۇھىم نۇقتىنى تۇتقان، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئېغىشماي ئىجرا قىلىشقا يېتەكلىگەن؛ ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن، يېزىلىق پارتكومدا پارتىيە ئىستىلى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان ۋە بۇنىڭغا يولداش تۇردى نىياز شەخسەن ئۆزى مەسئۇل بولغان؛ كەنتلەردە تارماق گۇرۇپپىلار قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل قىلىنغان؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالانغان، ۋەھاكازالار. بۇ بىر قاتار چارە - تەدبىرلەر ئۈنۈم بېرىپ، كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشقا پۇختا ئاساس سېلىنغان.

2. پارتىيە قۇرۇلۇشى تۇتۇلۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئامما ئارىسىدا ئىناۋەتلىك، خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە، دېھقانلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلىيەلەيدىغان ياش، ئوتتۇرا ياشتىكىلەر كەنت، گۇرۇپپىلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغان، مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان رەھبەرلىك ھەيئەتلەر شاللىۋېتىلگەن، پارتىيە ياچېيكىلىرى تەرتىپكە سېلىنغان، ئۈچ يىل ئىچىدە 28 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان؛ ھەپتىدە بىر قېتىم پارتكوم ھەيئەتلىرى يىغىنى ئېچىش، 15 كۈندە بىر قېتىم ياچېيكا شۇجىلىرى يىغىنى ئېچىش، ئىككى ئايدا ياكى پەسىلدە بىر قېتىم پاتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىش تۈزۈمىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە مۇھىم ئىشلاردا قارار چىقىرىلغان؛ پارتىيە دەرسى ئۆتۈلۈپ، ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ پارتىيە ئەزالىرى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باھالىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلگەن، ئىنتىزامچانلىقى كۈچەيگەن؛ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدىغان، ئىدىيە ئالماشتۇرىدىغان جانلىق، ئىجابىي دەرسخانىغا ئايلاندۇرۇلغان. نەتىجىدە، باھالانغان ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ئەسلىدىكى ئۈچتىن بەشكە، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى 38 دىن 67 گە، ئىلغار پارتىيە گۇرۇپپىسى 18 گە يېتىپ، پارتىيىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ئۆسكەن.

3. ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشى تۇتۇلغان. بۇ ھەقتە ناھىيىلىك پارتكوم تۈزگەن سەككىز ماددىلىق بەلگىلىمىگە يولداش تۇردى نىياز ئۆزى قاتتىق ئەمەل قىلىش بىلەن بىللە، يېزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇشقا دائىر ئون ماددىلىق بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى يېزىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى سىناش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. بۇ ئون ماددىلىق بەلگىلىمىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ پارا ئالماسلىق، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماسلىق، ھۆكۈمەت پۇلىغا مېھمان كۈتمەسلىك، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلماسلىق، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن مەھسۇلاتلارنى ئۆۋەن باھادا سېتىۋالماسلىق قاتارلىق بەلگىلىمىلەر ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ

خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىستىلىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئې-رىشكەن. پاك - دىيانەتلىك بولۇشتا، يولداش تۇردى نىياز باشقىلارغا ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولۇپ، يېزىنىڭ چوڭ - كىچىك ماشىنىلىرىنى شەخسىي ئىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەندە بەلگىلىمە بويىچە سائەتكە ھېسابلاپ پۇل تاپشۇرغان، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئىشلەتكەندە، شۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلى قىممىتى بويىچە ھەق تۆلىگەن؛ ئامما ئىنكاس قىلغان قىسمەن كادىرلارنىڭ يەرنى كۆپ ئىگىلىۋېلىش، ئۆي سېلىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى جىددىي بىر تەرەپ قىلغان؛ ئىقتىسادىي مەسىلە سادىر قىلغان 12 نەپەر كىشىنىڭ مەسىلىسىنى دېلوغا تۇرغۇزۇپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك 11 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، 5400 يۈەن پۇلنى قايتۇرغۇزغان، شۇنىڭ بىلەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە پارتىيىلىك كادىردا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتنى نامايان قىلغان.

4. نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەن. يولداش تۇردى نىياز كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى نامراتلارنى ھۆددىگە ئېلىپ بېيىش يولىغا يېتەكلەشكە سەپەرۋەر قىلغان، ھەممە ئۆزى ئالدى بىلەن بەلگەستى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئىبارەت ئىلغار ياچېيكا ئارقىلىق، ئارقىدا قالغان ئىدارە - جەمئىيەت پارتىيە ياچېيكىسىنىمۇ ئىلغار ياچېيكىغا ئايلاندۇرغان؛ خەلق ئەسكەرلىرى مەشقىدە مېيىپ بولۇپ، تۇرمۇشى ناچارلىشىپ، نامراتلىق دەردىنى يەتكىچە تارتقان ئابدۇللا موسانى غەمدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا قۇربى يېتىدىغان تىجارەت يولى كۆرسىتىپ بەرگەن، ماددىي ۋە نەق پۇل ياردەم قىلغان، ھالال ئەمگەككە تايىنىپ بېيىشقا مەدەت بەرگەن. نەتىجىدە، ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماستىن، 2000 يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي بار ئائىلىگە ئايلانغان ھەممە 15 يىل بويتاق ئۆتكەن ئابدۇللا مۇسانى ئائىلىدارچىلىق قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويغان. يولداش تۇردى نىيازنىڭ يېتەكلىشىدە، پارتكوم ھەيئەتلىرىدىن ياچېيكا شۇجىلىرىغىچە، ياچېيكا ھەيئەتلىرىدىن پارتىيە ئەزالىرىغىچە بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، نامرات دېھقانلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ يېتەكلەشنى شەرەپ بىلىدىغان ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. پارتىيە ئەزالىرى دەسلەپكى قەدەمدە ھۆددىگە ئالغان 153 ئائىلىلىك نامرات دېھقاننىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىغاندىن باشقا، بۇلاردىن 42 ئائىلىلىك نامرات دېھقان بېيىغان ۋە ئوتتۇراھال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. پارتىيە ئەزالىرى نامرات دېھقانلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر تېرىش، پەرۋىش قىلىش، يىغىش ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەنلىكى ھەممە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى نېمىگە چۈشسە، شۇ جەھەتتە يار - يۆلەكتە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر يېزىدىكى 428 ئائىلىلىك نامرات دېھقاننىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانغان، كىرىمى ئەسلىدىكى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 109 يۈەندىن كۆپىيىپ، 300 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن، بۇلاردىن 381 ئائىلە دەسلەپكى قەدەمدە بېيىغان ئائىلىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. دېھقانلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقىپ، قوتاندا چارۋىسى بار، ئۆيلىرىدە زاپاس ئاشلىقى بار، بانكىدا پۇلى بار ئائىلىلەرگە ئايلانغاندىن سىرت، يەنە بىر قىسىم دېھقانلار ماشىنا، تراكتور، تۈرلۈك تېپتىكى ئۈن ۋە ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، زامانىۋىلا-شىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

5. پېشقەدەم كادىرلار كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، مۇقىملىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. يولداش تۇردى نىياز كەنت، گۇرۇپپىلاردا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىنىڭ مېھرى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ، كادىرلار ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنى تەشكىللەپ، ھېيت بايراملاردا ئۇلارنى يوقلاپ، قىيىنچىلىقى بولسا ھەل قىلىپ بېرىپ تۇرغان؛ قىيىنچىلىقى ئېغىر،

كېسەلچان، ياشىنىپ قالغان يەتتە نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى يىلدا 800 جىڭ ئاشلىق، 760 يۈەن نەق پۇل بىلەن تەمىنلەشنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

6. يەن - مەدەنىيەت تۇرمۇشى چېچىلىپ، يېزىدا يېڭى ئۆزگىرىش ياسالغان. تۇردى نىياز پارتكوم شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئالتە يىلدىن بۇيان يېزىنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان. يېزا مەركىزىدە كىنوخانا، سىنئالغۇ قويۇش ئۆيى، قىرائەتخانا، ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. كەنت گۇرۇپپىلاردىمۇ كىچىك - كىچىك مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرى قۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن يېزىدىكى بىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئۆزى تېخنىكا بىلىملىرى ۋە يەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. 320 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، يېزا بويىچە 14 كەنت، بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 8200 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كونا كېسەك ئۆيلىرى يېڭىلىنىپ، ئىشخانا، كىنوخانا، قىرائەتخانا، ياشلار پائالىيەت سورۇنلىرى خىش بىلەن يېڭىدىن سېلىنغان. بۇنىڭغا تېلېۋىزور، تۈرلۈك تەنتەربىيە ۋاستىلىرى قاتارلىق ئەسلىھەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 92 تۈر بويىچە 6400 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل گېزىت - ژۇرنال، كىتابلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئۆگىنىش-كۆڭۈل ئېچىشقا شارائىت ھازىرلانغان. نەتىجىدە يېزىدىكى ياشلار ئائىلىسىدىن بەشى ئاپتونوم رايون بويىچە، ئۈچى ۋىلايەت بويىچە، ئالتىسى ناھىيە بويىچە «ئىلغار ياشلار ئائىلىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

7. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن مول ھوسۇل ئېلىنغان. 1990 - يىللىق يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 13 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1989 - يىلقىدىن 11% ئاشقان. پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، دۆلەتكە 20 مىڭ دەندىن ئارتۇق پاختا سېتىپ بېرىلىپ، 1989 - يىلدىكىدىن 10 مىڭ دەن ئاشۇرۇۋېتىلگەن، پاختىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 300 يۈەنگە يەتكەن. مايلىق دانىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 111 كىلوگرامغا يېتىپ، ئىلگىرىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشقان. ئورمان بىنا قىلىپ چۈللۈكنى كۆكەرتىش يولىدا دېھقانلارنى پاشلاپ ھارماي ئىشلىگەن. بىنام يەرلەر، چۆللۈكلەر، يول بويلىرىغا تىكىلگەن ئورمان سانى ئۈچ مىليون 315 مىڭ تۈپكە، كىشى بېشىغا 230 تۈپكە، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 93 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلگەن. يېزا بويىچە يېڭىدىن 7016 مو ھەر خىل مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىنىپ، مەھسۇلاتى 6 مىليون 218 مىڭ 105 كىلوگرامغا، ساپ كىرىمى 862 مىڭ 431 يۈەنگە يەتكۈزۈلگەن.

سۇ ئىنشائاتى، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش، يول ياساش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭ بىۋاسىتە باشلامچىلىقىدا يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە يەتتە كىلومېتىر يولغا قاراماي ياتقۇزۇلغان. ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدىغان 27 كىلومېتىر يولغا تاش تۆكۈلگەن. 126 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ياساپ كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇلغان. 54 مىڭ مو يەر پىلان بويىچە 364 مەيدان، 1456 سالا ئېتىزغا ئۆزگەرتىلگەن. يېزا بويىچە 11 كەنتنى توكتىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە، يېزا مەركىزىدىكى ئائىلىلەرنى تۇرۇبا سۈيى ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئەڭ يىراق كەنت «سەيپۇگېرەك» دېھقانلىرىنىمۇ تۇرۇبا سۈيى ئىچىش، توكتىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ھەر قايسى كەنت، گۇرۇپپىلار بىلەن تۇتىشىدىغان ئۆستەڭ ۋە زەيكەشلەرگە 380 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك، جاكولارنى قۇرغان. يېزا مەركىزىدىكى ئەينى ۋاقىتتىكى تاشلاندۇق قۇملۇققا 500 مو مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدىغان «ساگتام» چۆللۈكىگە 1700 مودىن ئارتۇق مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىنغان. يولداش تۇردى نىيازمۇ ئۆتكەن بەش قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ ئۆتكەن يىل ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە يەن - تېخنىكا ئىلغارى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ مانا شۇنداق نەتىجىلىرى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

## مه‌ن سوت مه‌هكه‌مىسىگه ئه‌رز قىلسام بولامدۇ؟

يولداش ته‌هرىر:

مه‌ن ئۆزاقى يىلى مه‌لۇم بىر كىشىگه پۇل قه‌رز به‌رگه‌ن ئىدىم (قه‌رز ئېلىش ھۆججىتى بار، قايتۇرۇش ئۇسۇلى بېكىتىلمىگەن)، ھازىر مه‌ن قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچه قېتىم سۆزلەشكىنىمدە، ئۇ ئۆزرغۇن سه‌ۋه‌بلەرنى كۆرسىتىپ پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەرمەيۋاتىدۇ. بۇنداق ئه‌ھۋال ئاستىدا مه‌ن سوت مه‌هكه‌مىسىگه ئه‌رز قىلسام بولامدۇ؟ ئه‌رز قىلسام قانداق نه‌تىجىگه ئېرىشەلەيمەن؟ ئۇنىڭدىن باشقا، مه‌ن ئۇنىڭغا پۇل قه‌رز بېرىپ تۇرغان چېغىمدا، ئۇنىڭ بىلەن بانكىنىڭ ئه‌ڭ يۇقىرى ئۆسۈم نىسبىتى بويىچه پۇلنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇشنى سۆزلەشكەنىدۇق (تىل خه‌ت يوق)، بۇ ئۆسۈمنى مه‌ن ئۇنىڭدىن ئالالايمەنمۇ؟

ئاۋۇت

يولداش ئاۋۇت:

«جۇڭخۇا خه‌لق جۇمهۇرىيىتىنىڭ ھه‌ق تەلەپ دەۋا قانۇنى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)نىڭ 81 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئه‌رز تۆۋەندىكى شه‌رتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. (1) دەۋاگەر شۇ ئەنزە بىلەن بىۋاستە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بار شەخس، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئىدارە ياكى ئاممىۋى تەشكىلات بولۇشى لازىم؛ (2) جاۋابكار ئېنىق بولۇشى، دەۋا تەرتىپى كونكرېت ۋە پاكىتلىرى ئاساسلىق بولۇشى لازىم؛ (3) خه‌لق سوت مه‌هكه‌مىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولۇشى ۋە ئه‌رز قوبۇل قىلغۇچى خه‌لق سوت مه‌هكه‌مىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى لازىم. سىز دېگەن ئه‌ھۋال قانۇندا بەلگىلەنگەن ئه‌رز قىلىش شه‌رتىگه ئۇيغۇن كەلسىلا، سىز دەۋاگەرلىك سالاھىيىتىڭىز بىلەن سىزدىن پۇل قه‌رز ئالغان «مه‌لۇم كىشى» تۇرۇشلۇق جايدىكى خه‌لق سوت مه‌هكه‌مىسىگه ئه‌رز قىلسىڭىز بولىدۇ. دۆلىتىمىز «ھه‌ق تەلەپ قانۇنى»نىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»نىڭ 108 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: قه‌رز قايتۇرۇلۇشى كېرەك، قايتۇرۇشقا ۋاقتىنچە قۇربى يەتمىگەن قه‌رزدار كىشى ھه‌قدارنىڭ ماقۇللۇقى ياكى سوت مه‌هكه‌مىسىنىڭ كېسىمى بىلەن قه‌رزنى مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرسا بولىدۇ. قايتۇرۇشقا قۇربى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق قايتۇرماي تۇرۇۋالغانلارنى خه‌لق سوت مه‌هكه‌مىسى ھۆكۈم ئارقىلىق مەجبۇرى قايتۇرغۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «مه‌لۇم كىشى»نىڭ قه‌رز ئېلىش ھۆججىتىدە قه‌رز ئالغان پۇلنى قايتۇرۇش ۋە ئۆسۈمنى تولۇقلاپ بېرىش توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن، خه‌لق سوت مه‌هكه‌مىسى ئه‌رزىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بانكىنىڭ ئالاقىدار ئۆسۈم نىسبىتى بەلگىلىمىسى ھەمدە مۇشۇ دېلونىڭ كونكرېت ئه‌ھۋالىغا ئاساسەن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ته‌هرىردىن

## زاۋۇت باشلىقى قوشۇمچە پارتكوم شۇجىسى بولسا بولامدۇ؟

يولداش ته‌هرىر:

ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان زاۋۇتلارنىڭ زاۋۇت باشلىقى قوشۇمچە پارتكوم شۇجىسى بولسا بولامدۇ؟

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ شۇجىلىرى مەخسۇس قويۇلسىمۇ ياكى قوشۇمچە ئۆتىسىمۇ بولىدۇ». ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كارخانىلار (كىچىك تىپتىكى)نىڭ زاۋۇت باشلىقى پارتىيە ئەزاسى بولسا ھەمدە شەرتكە ئۇيغۇن كەلسە، سىناپ كۆرۈش ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولىدۇ. پارتكوم شۇجىسى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك سايلىمى

ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومغا يوللاپ تەستىقلىتىلىدۇ. پارتكوم شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان زاۋۇت باشلىقى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمەتنى تۇتۇشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىشى ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىشى لازىم.

## توي خېتىنى تولۇقلاپ ئالغانلاردىن جەرىمانە ئېلىنامدۇ؟

يولداش تەھرىر:

ئىلگىرى توي قىلغاندا توي خېتى ئالماي، ھازىر تولۇقلاپ توي خېتى ئالغانلاردىن جەرىمانە ئېلىنىۋاتىدۇ، بۇ ھەقتە «نىكاھ قانۇنى»دا قانداق بەلگىلىمە بار؟ بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ؟ مىجىت

يولداش مىجىت:

دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 7 - ماددىسىدا: «نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلغان ئەر - ئايال ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئورگىنىغا بېرىپ تىزىملىتىشى شەرت، بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرى تىزىمغا ئېلىنىپ، نىكاھلىنىش خېتى بېرىلىدۇ، نىكاھلىنىش خېتى ئالغاندىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان بولىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن بەزى جايلاردا ئەر - ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، توي خېتى ئالمايلا بىر ئۆيدە بولۇۋالىدىغان ھەتتا پەرزەنتلىك بولىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرمۇ ساقلانماقتا. بىراق نىكاھ قانۇندا بۇ خىلدىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھ قانۇنى ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامىنى بەنىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قاتتىق چەكلەش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش ئۈچۈن، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېزا خەلق ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. مەسىلەن: سىز ئوتتۇرىغا قويغاندەك توي خېتىنى تولۇقلاپ ئالسا مۇۋاپىق تۈردە جەرىمانە قويۇش قاتارلىقلار نىكاھ قانۇنىنىڭ تولۇقلانمىسى سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئەقىلغە مۇۋاپىق، بۇنى كەڭ ئامما چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ.

## ئائىلە كېلىپ چىقىشى قانداق بېكىتىلىدۇ؟

يولداش تەھرىر:

مېنىڭ تەركىبىم ئوقۇغۇچى، ئائىلەمنىڭ تەركىبى ئوتتۇرا دېھقان. مەن 1961 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، 1965 - يىلى كادىرلىققا ئۆستۈرۈلدۈم، 1976 - يىلى ئايالىم بىلەن بالىلىرىم تەستىق ئارقىلىق قىسمىغا كەلدى (يېزىدىن غەيرىي يېزا نوپۇسىغا ئۆزگەردى)، 1984 - يىلى كەسپ ئالمىشىپ يەرلىككە چىققىنىمدا ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شەھەر نوپۇسىغا ئېلىندى. باللار مەكتەپكە كىرىشتە ئائىلە تەركىبىنى تولدۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن، مېنىڭ بالىلىرىم ئائىلە تەركىبىنى نېمە دەپ تولدۇرۇشى كېرەك؟ چۈشەنچە بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن.

ئوبۇلقاسىم

يولداش ئوبۇلقاسىم:

سىز دېگەن «ئائىلە تەركىبى» «ئائىلە كېلىپ چىقىشى»دىن ئىبارەت. «ئائىلە كېلىپ چىقىشى» شۇ كىشىنىڭ مۇستەقىل ئىقتىسادى ئورنىغا ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرىكى ياكى خىزمەتكە قاتنىششىدىن ئاۋۋالقى ئائىلىسىنىڭ سىنىپىي تەركىبىنى كۆرسىتىدۇ. خېتىڭىزدە ئائىلە كېلىپ چىقىشىڭىزنىڭ ئوتتۇرا دېھقان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپسىز. مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەمگەكچى خەلق ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىنقىلابىي كادىر، ئىنقىلابىي ھەربىي، ئىنقىلابىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈپ چوڭ بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىنقىلابىي كەسپى بويىچە بېكىتىش كېرەك. شۇنداق ئىكەن سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز ئۆزىنىڭ «ئائىلە كېلىپ چىقىشى»نىمۇ سىزنىڭ ئىنقىلابىي كەسپىڭىز بويىچە تولدۇرسا بولىدۇ. تەھرىردىن

# كومپارتىيە ئەزالىرى سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم

مەھەممەت ھەسەن

سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەتبىقلاپ، جەمئىيەت تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىنسانلار تارىخىي مۇقەررەرلىك ئالەمىدىن ئەركىنلىك ئالەمىگە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش تارىخىدۇر. بۇ تارىخ مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. سىنىپ مەۋجۇت جەمئىيەتتە سىنىپىي كۈرەش ئاخىرلاشمايدۇ.» بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، سىنىپىي جەمئىيەتتە (جۈملىدىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە) سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. لېكىن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى «سىنىپىي كۈرەشنى ئۇتقا قىلىش» دېگەن شوئار ئاستىدا سىنىپىي كۈرەش كېڭەيتىۋېتىلگەن «سول» خاتالىقنى تۈزەتكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى بىر ئاز بازار تېپىپ قالغان بىر قانچە يىلدىن بۇيان، جەمئىيىتىمىزدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ يەنىلا بارلىقىغا سەل قارايدىغان، سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى دەپ قاراپ، ئۇنى تەكىتلەشنى خالىمايدىغان خاھىشلار باش كۆتۈرۈپ قالدى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىدىن چەتنىگەن ئىنتايىن خاتا خاھىش. يولداش ماۋزېدۇڭ 1949 - يىلىلا مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىنىپىي كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ، بەزى سىنىپلار غەلىبە قازىنىدۇ، بەزى سىنىپلار يوقىلىدۇ. مانا بۇ — تارىخ، مانا بۇ — نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى. تارىخنى مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن چۈشەندۈرۈش تارىخىي ماتېرىيالىزم دەپ ئاتىلىدۇ، مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇش تارىخىي ئىدىئالىزم بولىدۇ» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم 684 - بەت). سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى پرولېتارىياتنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇتلا بولىدىكەن ياكى سىنىپىي كۈرەش خاراكتېرىنى ئالغان ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇ ھامان رول ئوينايدۇ، ئۇنىڭ ھەرگىز ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

بەزىلەر ئېلىمىزدە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار پۈتۈنلەي يوقالدى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بولمىغانىكەن، سىنىپىي كۈرەش بولمايدۇ، ئەمدى يەنە سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىش سىنىپىي جىددىيلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دېيىشىدۇ. بۇ، ئىنتايىن مۇجمەل تونۇش، دەرۋەقە، ئېلىمىزدە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقالدى، سىنىپىي كۈرەش ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى، بۇنى ھەممىمىز ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن بۇ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئەمدى مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، سىنىپىي كۈرەش مۇئەييەن دائىرىدە يەنە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم شەرت - شارائىت ئاستىدا يەنە كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىل 12 - ئايدا چاقىرىلغان 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا «ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەلۇم دائىرىدە يەنىلا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى» كۆرسىتىلگەن ئىدى. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا: «ئېكسپلاتاتسىيە

قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلغاندىن كېيىن، جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان زىددىيەتلەرنىڭ تولىسى سىنىپي كۈرەش خاراكتېرىنى ئالمايدۇ، سىنىپي كۈرەش جەمئىيىتىمىزدە ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى ...... لېكىن، جەمئىيىتىمىزدە سىنىپي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنىلا ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك مۇئەييەن شارائىتتا كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن» دەپ كۆرسىتىلدى. پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدىمۇ «سىنىپي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» غانلىقى تەكىتلەندى. يولداش جياڭ زېمىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى» دە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «سىنىپي كۈرەش جەمئىيىتىمىزدە ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى، لېكىن ئۇ مۇئەييەن دائىرىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ مۇئەييەن شارائىتتا كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرمۇ دەل ئاشۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا ئاساس تاپتى.» بۇ نۇقتىنەزەر دۆلىتىمىزنىڭ رېئاللىقىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي نۇقتىنەزەردۇر.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيمىز؟ بىرىنچىدىن، تارىختىكى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قالدۇق زەھىرىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىردىنلا پاك - پاكىزە تازىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ. ھازىر يېزىلاردا «يومشىچېك»، «باي دېھقان» قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان بەزى كىشىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ كەڭلىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇرۇن مۇسادىرە قىلىنغان يەرلىرىگە ئۆي سېلىشنى تەلەپ قىلىشى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەن باغلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى، شەھەر - بازارلاردىكى ئايرىم يەككە تىجارەتچى ۋە خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن ياللانما ئىشچىلارغا ئاشكارا ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن يېڭى ئېكسپىلاتاتسىيىنى يولغا قويۇشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككىنچىدىن، دۆلىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش تېخى ئاخىرقى ھېسابتا ئورۇندالغىنى يوق. تەيۋەن دائىرىلىرى بىزگە نىسبەتەن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقتا، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارماقتا. ئۈچىنچىدىن، بىز مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىتتا تۇرماقتىمىز، خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەر سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان ۋە ئۇنى ئاغدۇرماقچى بولغان تۈپ مەيداندىن ۋاز كەچكىنى يوق. تۆتىنچىدىن، دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، يەنە كېلىپ مىللەتلەر تىل، دىن، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، مىللىي زىددىيەت ۋە توقۇنۇشتىن خالىي بولۇش قىيىن. چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئىچكى جەھەتتىكى مىللىي زىددىيەتتىن ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلاردىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان بۇ مەسىلىنى كېڭەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بەشىنچىدىن، ئېلىمىزدە گەرچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن ھەم تەكشىسىز بولغاچقا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىمىز قالاق، ياش سوتسىيالىزم تۈزۈمىمىزنىڭ تۇرغۇنلىغان مۇكەممەل بولمىغان جايلىرى بار، بۇنداق شارائىتتا بەزى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ۋە بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ چىرىپ ئاينىپ كېتىشىدىن پۈتۈنلەي ساقلىنىشىمۇ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئۇنسۇرلار ۋە تۈرلۈك دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن خالىي بولۇشىمۇ قىيىن. دۆلىتىمىزدە